قۇربان بارات

# قار گۈلى

( شېئىر ۋە داستانلار )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : بارىجان زەپەر
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : رىزۋان تۇردى

# قار گۈلى

( شېئىرلار )

قۇربان بارات

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جىيەنجۇڭ كوچىسى 54 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا داھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى 1092 × 787 مىللىمېتر 32 / 1
باسما تاۋىقى : 9 قىستۇرما ۋارىقى : 3
1993 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1993 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4،250 ــــ 1
ISBN7 — 228 — 02646 — 2/I • 934
باھاسى : 3.30 يۈەن



# مۇھەررىردىن

ئىقتىدارلىق شائىر قۇربان بارات 1946 - يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1958 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا شۆيۈەنىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1962 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدا مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1970 - يىلىدىن باشلاپ كورلىدىكى شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا كوررېكتور بولغان. 1980 - يىلى كورلىدىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1985 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، مۇھەررىرلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

قۇربان باراتنىڭ تۇنجى شېئىرى «كاككۇك» 1956 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن تارتىپ، داۋاملىق ھالدا كۆپلىگەن نادىر ئەسەرلەرنى كىتابخانلار دىققىتىگە سۇندى. ھازىرغىچە تۆت يۈزگە يېقىن شېئىرى، ئون داستانى ئېلان قىلىندى. 1981 - يىلى ئۇنىڭ «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، 1984 - يىلى «ئاق روماللىق پەرىزات» ناملىق داستانلار توپلىمى نەشر قىلىندى. يەنە «يېشىل ھايات» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1987 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن خەنزۇچە نەشر قىلىندى. «قىزىلگۈل» داستانى 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 30 يىللىق ئەدەبىيات مۇكاپاتىدا داستان

مۇكاپاتىغا ، « ئاسىيا ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز » داستانى 1982 - يىلى « تارىم » ژۇرنىلى تەرىپىدىن 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ، « ئاق روماللىق پەرىزات » داستانى 1986 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاشتا « مۇنەۋۋەر داستان »مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . «يېشىل ھايات » ، « كەچكۈز لىرىكىسى » ، « سەن — بۇركۇت ئۇۋىسى ، سەن — ئالتۇن بۆشۈك ...» شېئىرلىرى ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلدى .

ئۇنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىي ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە جۇڭگو ، چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ . ئۇ ، « بوستان » ( شەيخ سەئىدىنىڭ ) ، « ئا . س . پۇشكىن . شېئىرىي چۆچەكلەر » ، « م ، يۇ . لېرمونتوۋ- داستانلار » ، « ئەي چىڭ شېئىرلىرىدىن تاللانما (70 - يىللار ) » ، قاتارلىق ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى ؛ « دىۋان ئاتايى » ، «دىۋان سەككاكى » ، « دىۋان نۆبىتى » ، « دىۋان زوھۇرى » ۋە نەۋائىينىڭ « سەددئىي ئىسكەندەر » داستانىنى نەشرگە تەييارلىدى ...

قۇربان باراتىنىڭ بۇ توپلىمىغا ئاساسەن يېقىنقى يىللاردا يازغان شېئىر ۋە داستانلىرى كىرگۈزۈلدى .

ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى ، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر .

## مۇندەرىجە


مۇھەررىردىن ........ 1
ئازغان ........ 1
پەرۋانە توغرۇلۇق ناخشا ........ 3
شامال ۋە دولقۇن ........ 6
كۈن ئېگىشتى ئالتۇن بۆشۈككە ........ 9
كەچ كۆز ئاسمىنى ئاستىدا ........ 12
قار گۈلى ........ 15
قىش قوشىقى ........ 17
تاغلار قوشىقى ........ 20
نەشپۈت چېچەكلىدى ........ 22
ناخشا ۋە ئۆلۈم ........ 24
جەنۇب كېچىسى ........ 27
يورۇق يۇلتۇز ........ 29
ئۇ ياشايدۇ كۈنگە ئىنتىلىپ ........ 31
راۋاب ۋە كۆز يېشى ........ 33
بۈركۈت ۋە ئارچىزار ........ 35
ئوتۇن ساتقۇچى دېھقان بالىسى ........ 43
خار قىلالماس ئۇنى ھايۋانلار ........ 46
ئايدىڭ كېچە جىمجىتلىقىدا ........ 47

شىمال يۇلتۇزلىرىغا تەلمۈرۈپ ........ 49

دېڭىز ........ 51

خازان ۋە يوپۇرماق ........ 52

شاماللىق تاڭ — يېشىل يۆگىمەچ ........ 53

تولۇن ئاي قوشىقى ........ 54

راۋاب ۋە ئانا ........ 55

قار گۈللىرى بولدى گۈلىستان ........ 58

چېچەكلەردىن كۆز ئۈزمەيدۇ چال ........ 59

شۇڭقار قوشىقى ........ 60

يېشىل رەڭ توغرۇلۇق ناخشا ........ 62

چېچەك ۋە بوران ........ 64

ئاھ، دۇنيا ! ........ 66

كۆز سۇلىرى ........ 68

تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش (باللادا) ........ 71

ھايات توغرۇلۇق ناخشا ........ 80

قۇش مىلتىقى كۆتۈرگەن بالا ........ 85

غەيرەتتە، ھەرىكەتتە ھاياتنىڭ سىرى ........ 91

سەن — بۆر كۆت ئۇۋىسى، سەن — ئالتۇن بۆشۈك ........ 97

قۇياشتىن - قۇياشقا ........ 105

ئاق يېغىن، كەلكۈن ۋە ئۈمىد ........ 109

ياشلىق تاشقىنى ........ 114

كەپتەرۋاز ........ 119

مەن — نېمە؟ ........ 122

نەورۇز قوشىقى ........ 128

ۋارشاۋا .................................... 133

كۆلۈمسىرەش .................................... 141

ئالدىراش بۇلۇتلار .................................... 145

دەرەخ ۋە بىنا .................................... 150

ئادام. مىسكىۋىچنىڭ ھەيكىلى .................................... 153

ئىستانبۇلنىڭ كەپتەرلىرى .................................... 159

زېمىننى دەسسىگەندە .................................... 163

قاناتسىز كېپىنەك .................................... 168

يامغۇرسىز چاقماق .................................... 173

بۇ كۆلەڭگىلەر ئەمەس مېنىڭكى .................................... 185

ئىز ئۆزگەرتىدىغان دەريا .................................... 191

ئوقۇتقۇچى بالىلىق بولغاندا .................................... 197

يولۋاس تېرىسىنى يېپىنىۋېلىپ .................................... 205

يۈز يىللىق تارمار .................................... 213

ئىنسان ۋە زېمىن (داستان) .................................... 219

مەن ئەقىل ئىزلەيمەن (داستان) .................................... 247

# ئازغان

كۆلەڭگە تاشلاپ بۇلاق سۈيىگە،
ساينىڭ بويىدا ئۆسىدۇ ئازغان.
ئانا يېزامغا تاشلايمەن نەزەر —
يېشىل ھاياتنىڭ پەقەت شۇ قالغان!
غۇجمەك مۇنچىقى قىزىرىپ تۇرار
گويا گىلاستەك ساڭگىلاپ پەسكە.
ئاپئاق چېچەككە باقسام خىيالچان،
ئۇرۇق كۈلۈك باغلار چۈشىدۇ ئەسكە.
تاملار — قۇملۇقتا ئۆلگەن تۆگىنىڭ
ئېچىلىپ قالغان ئاپئاق سۆڭگىكى.
تاغلار زەنجىرى ئېغىر سۈكۈتتە،
تۈندەك قاراڭغۇ جىلغىلار تېگى.
مەن بۇ ماكاندىن ئايرىلغان يىللار
ئۆتمۇ كەتمىدى، باسمىدى توپان.

ئېيتقىنا ئازغان سورايمەن سەندىن،
باغۇ - بوستانلار نەگە يوقالغان؟
كۈمۈش ياپراقلىق جىگدىلەر قېنى،
مەغرۇر تېرەكلەر يوقالدى نەگە؟
ئاسمانغۇ ئاشۇ هاۋارەڭ ئاسمان،
ئېيتقىنا بۇ يەر ئوخشامدۇ يەرگە؟
قوۋزاقلىرىنى سويغان ئوتتۇندەك،
كىندىكىم قېنى تۆكۈلگەن يەرلەر...
نېمىشقا مۇندا كۆرمىدىم كېلىپ،
تىنچ ئاخشاملار، لالە سەهەرلەر؟
قېنى قۇياشتا يانغان تەبەسسۇم
نېمىشقا چولپان چىقمايدۇ كۈلۈپ؟
سورايمەن،
ئازغان تۇرار جاۋابسىز،
تاغ شامىلىدا غەمكىن يەلپۈنۈپ...

1966 ـ يىل 9 ـ ئاي

ئاتۇش ئاغۇ.



## پەرۋانە توغرىلىق ناخشا

قۇزغۇنلار يايدى قارا قاناتىنى،
زېمىننى ئوراپ ئالدى قاراڭغۇلۇق.
پەرۋانە ئۇچۇپ كىردى دېرىزىدىن،
ياناتتى ئۆيدە چىراق يورۇق بولۇپ.
يورۇقلۇق پەرۋانىگە قۇچاق ئاچتى،
پەرۋانە بوۋاق گويا، چىراق — ئانا.
چىراققا ئېتىلدى ئۇ، ئايلاندى ئۇ،
كېپىنەك ئايلانغاندەك گۈللەر ئارا.
زەيتۇنرەڭ قاناتىدا چىراق نۇرى
تاڭدىكى قىزىللىقتەك تاۋلىنىدۇ.
چاقنىغان قىلىچ ئۇنىڭ قاناتلىرى،
ئۇ چاقناپ نۇر ئىچىدە ئايلىنىدۇ.
پەرۋانە كۆكلەمدىكى مايسا گويا،
مايسىغا شولا چۈشكەن ئارام - ئارام.

يورۇقلۇق ـــ بەخت ئاڭا، ھايات ئاڭا،
ئۇ پارلاق نۇر ئىچىدە تاپتى ئارام.
يورۇقلۇق پەرۋانىگە قۇچاق ئاچتى،
پەرۋانە بوۋاق گويا، چىراق ـــ ئانا.
چىراققا ئېتىلدى ئۇ، ئايلاندى ئۇ،
كېپىنەك ئايلانغاندەك گۈللەر ئارا.
ئېتىلدى چىراققا ئۇ شادلىق بىلەن،
ۋە بىردىن ... ئوت ئىچىدە قونۇپ قالدى.
ئۇ كۆيدى، ئۇنىڭ تېنى تاغدەك بولۇپ،
شۇ ئوتلۇق دولقۇن ئارا تۇرۇپ قالدى.
ئۇ ئۆلدى ... ئۆلدى مەغرۇر ئۆلۈم بىلەن،
بولىدۇ ئۆلۈمنىڭمۇ سائادىتى.
ئۇ ئۆلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن،
تارقالدى بىر قۇياشنىڭ ھارارىتى.
گۈلنىڭمۇ تىكىنى بار، نۇرنىڭ ئوتى،
نۇرسىزمۇ ياشالايتتى ئۇ ھەر قاچان.
ئۇ پاناھ ئىزلىمىدى قاراڭغۇدىن،
نۇر ئۈچۈن ئوتقا كىردى بېغىشلاپ جان!

* *



يەنە بىر زەيتۇن قانات ئۇچۇپ كىرىپ،
چىچىمغا قونۇۋېلىپ يەلپۈنمەكتە.
قەلبىمنى قوشۇپ زۇمرەت كۆزلىرىگە،
ئۇمۇ ئوت ۋە يورۇقلۇققا تەلپۈنمەكتە...

1966 ـ يىل 8 ـ ئاي
قەشقەر يېڭىسار.

# شامال ۋە دولقۇن

مەن دولقۇن ـــ شامالّلارغا قۇچاق ئاچقان ،
مەن شامال ـــ دولقۇن بىلەن قۇچاقلاشقان .

* *

يايرايدۇ جېنىم مېنىڭ چىقسا شامال ،
بۇلۇتلۇق كۆكنىڭ تەنها ئەركىسى ئۇ .
شامالّلار قارىشىمدىن ئۇرسا كۈچلۈك ،
قەلبىمدىن كۆتىرىلەر قارا قايغۇ .
پەنجىرەم تاقىلدىسا ، ئۇرسا شامال ،
بايرام بولۇپ تۇيۇلىدۇ ماڭا شۇندا .
ۋۇجۇدۇم ئوت ئالىدۇ هاياجاندىن ،
تەڭداشسىز بىر قۇدرەتنى كۆرۈپ ئۇندا .
ئۇ ئەركىن ، مەغرۇر ئۇچۇپ ، كۆكنى قاپلاپ ،
توپلاشقان بۇلۇتلارنى هەيدەپ كېتەر .
چاپىدۇ باياۋاندا كېيىك بولۇپ ،



ۋە قارلىق چوققىلاردىن ئۇچۇپ ئۆتەر .
هاياتلىق بېرەر كۆكلەم باغلىرىغا ،
ۋە جىمجىت بوستانلارنى هۆر ئېتىدۇ .
گۈرۈلدەپ تىنىم تاپماس غەيرەت بىلەن ،
ئۇيقۇلۇق ئورمانلارنى ئويغىتىدۇ .
ئۇ جۇشقۇن دولقۇنلارنىڭ ئىلهامچىسى ،
كېلىدۇ كېزىپ يېشىل ئاراللارغا .
شامال بار ، جانلىنىدۇ گۈزەل دولقۇن ،
ئۇ تەشنا قوزغاتقۇچى شامالّلارغا .

* *

جۇش ئۇرۇپ دولقۇنلىسا ئانا دەريا ،
شاد بولۇپ كەتكۈم كەلمەس قىرغاقلاردىن .
بويسۇنماس دولقۇنلاردا ئۇلۇغ كۈچ بار ،
كېلىدۇ ئۆر كەش ياساپ ئۇزاقلاردىن .
سۈبهى يۇلتۇزىنىڭ چاقنىشى بار ،
دولقۇننىڭ ئاپئاق چېچەك ـــ گۈللىرىدە .
قالىمەن قىرغاقلاردا ئۇزاق - ئۇزاق ،
دەريادا دولقۇن بولغان كۈنلىرىدە .

ئاقىدۇ دولقۇن قاتار تاغدەك بولۇپ،
كۆمۈش سۇ مۇز چوققىدەك پارقىرايدۇ.
قۇم باسقان سەھرالارغا سېلىپ دەھشەت،
دولقۇنلار شىددەت بىلەن شارقىرايدۇ.
غەزەپ بار بۇ قەھرلىك شارقىراشتا،
گۆكىرەر گويا باھار بورانلىرى.
مىسالى تۈمەن تۇلپار جەڭگە كىرگەن،
ياڭرايدۇ جەڭنىڭ قىزغىن چۇقانلىرى.
ئۆتىدۇ تىترىتىپ تاغۇ - تاشنى،
دولقۇنلار شارقىرىشى — ياڭراق سادا.
قېرىغان كونا دۇنيا، غەمكىن چۆللەر
ئاجىزدۇر دولقۇنلارنىڭ قارشىسىدا!

* *

مەن دولقۇن — شاماللارغا قۇچاق ئاچقان،
مەن شامال — دولقۇن بىلەن قۇچاقلاشقان.

1966 - يىل 10 - ئاي
قەشقەر.



# كۈن ئېگىشتى ئالتۇن بۆشۈككە ...

كۈن ئېگىشتى ئالتۇن بۆشۈككە،
ئانا قۇچاق ئاچتى بوۋاققا.
تىنچ ئاخشام... ئانا ۋە بۆشۈك
كۆلەڭگىسى چۈشتى بۇلاققا.
ئالتۇن بۆشۈك تاغلار كەينىدە،
تاغلار كەينى — مۇقەددەس ماكان.
ئۇ — ھاياتنىڭ ئەڭ گۈزەل يۇرتى،
شۇ بۆشۈكتە تۇغۇلدى جاھان.
ئالتۇن كۈننىڭ سۆيەر يېرى ئۇ،
شۇ ماكاندا ئۇنىڭ باللىرى.
ئۇ باللارنىڭ ئوزۇقى بولدى،
ياز ئىسسىقى، قىش بورانلىرى.
دەھشەت سېلىپ قېرى دۇنياغا
ئۇ بۆشۈكتە تۇغۇلدى چاقماق.

چاقماق جەۋلان قىلدى كۆك ئارا،
تۈن قوينىنى يورۇتۇپ ئاپئاق.
ئۇ بۆشۈكتە تۇغۇلدى دەريا،
جان كىرگۈزۈپ قاقاس چۆللەرگە.
جۇشقۇن دەريا ئويناپ ئاققاندا،
تاغ ـ ۋادىلار تولدى گۈللەرگە.
ئۇ بۆشۈكتە تۇغۇلدى يۇلتۇز،
كۈمۈش بولۇپ چېچەكلىنگۈچى.
ئۇ — تۈندىكى يولۇچىلارنى
مەنزىللەرگە يېتەكلىگۈچى.
ئۇ بۆشۈكتە تۇغۇلدى ئايمۇ،
ئايدىن ياقۇت شولا تارايدۇ.
ئۇ خىيالچان، ئۇ بۈيۈك سەيياھ،
ۋە ھەممىگە كۈلۈپ قارايدۇ.
ئۇ بۆشۈكتە تۇغۇلدى بەخت،
ئۆستى كۈچ ۋە قۇۋۋەتكە تولۇپ.
بەخت ئىنسان پېشانىسىدىن
ئورۇن ئالدى ئۆچمەس نۇر بولۇپ.
ئۇ بۆشۈكتە تۇغۇلدى شادلىق،
ئۇندا ھەممە خۇشال ئۆتىدۇ.
شادلىق — يېشىل باغلار بۇلبۇلى،



قاھ ـ قاھ كۈلۈپ گۈللەر تۆكىدۇ.
ئۇندا ئۆستى مېنىڭ قەلبىممۇ،
يۈرىكىمدە شۇ قان ئۇرىدۇ.
بىراق مېنى ئالتۇن بۆشۈكتىن
قات ـ قات تاغلار ئايرىپ تۇرىدۇ.
بۇ بۆشۈكنىڭ يۆگىكى شەپەق،
ئانار سۈيى رەڭلىك يالقۇنلار.
بۇ بۆشۈكنىڭ ئەللىيى شامال،
تەۋرىتىدۇ ئۇنى دولقۇنلار...
كۆن ئېگىشتى ئالتۇن بۆشۈككە،
ئانا قۇچاق ئاچتى بوۋاققا.
تىنچ ئاخشام... ئانا ۋە بۆشۈك
كۆلەڭگىسى چۈشتى بۇلاققا.
تۈن ئاسمانغا تور تاشلىماقتا،
كۆن كەينىدىن قوغلايدۇ بۇلۇت.
بۇلۇت گويا قاناتلىق يىلان —
ئۇچار قارا تۈتەككە تولۇپ......

1966 ـ يىل 11 ـ ئاي
ئاتۇش.

# كەچكۈز ئاسمىنى ئاستىدا...

سوغ شامال كېزىدۇ ئاي دالالاردا،
ئېتىزلار بوشىغان كۈزنىڭ ئىشىدىن.
قوڭۇررەڭ تاغلاردا ئويغىنىدۇ يەر،
قۇرىغان كوكاتنىڭ شىلدىرلىشىدىن.
بۇلۇتلۇق كېچىدە قىرو — ئاي نۇرى،
كۆللەردە نېپىز مۇز قاتىدۇ قاندا.
ئاخىرقى يوپۇرماق ئۇچىدۇ شاختىن،
يالىڭاچ دەرەخلەر ئىغاڭلىغاندا.
ئالماشقان قولۇمغا قويۇلغان بېشىم،
ياتىمەن ئېتىزغا تاشلاپ ئۆزۈمنى.
ئوڭۇمدا ئاق بولۇت ئوينىغان ئاسمان،
كۆكتىكى كۆرۈنۈش تارتقان كۆزۈمنى:
— كۈن نۇرى قىزىتىپ ئېرىمەكتە قار،
قارىيىپ كۆرۈنەر ئېچىلغان تۇپراق.
قوزغىلىپ، شىددەتلىك تاشماقتا دەريا،
ئويغانغان دولقۇنلار ئاقىدۇ يىراق.



ئاقىدۇ قىرغاقتا ئۇرۇپ ئۆزىنى،
قاراڭغۇ قولتۇقتا بارىدۇ كۈرەش.
گۈلدۈرلەپ غولايدۇ قار ئويۇملىرى،
قار ۋە مۇز ئېقىمى ياسايدۇ ئۆركەش.
قاراسلاپ سۇنىدۇ مۇز پارچىلىرى،
چۆگىلەپ دەريانىڭ قايناملىرىدا.
نازىنىن پەرىلەر ئوينايدۇ ئۇسسۇل،
ئاسمان قەلئەسىنىڭ ئايۋانلىرىدا.
شارقىراپ قۇيىدۇ باھار يامغۇرى،
تىترەيدۇ يەر - زېمىن، چاقىدۇ چاقماق.
ئېرىق ۋە ئۆستەڭگە تارايدۇ دەريا،
ۋادىلار ياپيېشىل، ئۇرۇكلەر ئاپئاق...
ئوڭۇمدا — ئاق بۇلۇت ئوينىغان ئاسمان،
كۆكتىكى كۆرۈنۈش تارتقان كۆزۈمنى.
ئەس تېپىپ كوكاتنىڭ شىلدىرلىشىدىن،
قۇرىغان ئېتىزدا كۆردۈم ئۆزۈمنى.
سوغ شامال كېزىدۇ ئاي دالالاردا،
قاغىلار ئۇچىدۇ توپ - توپ بولۇشۇپ.
قىش يېقىن، قىش يېقىن...
ئاچچىق قىش يېقىن،

كېلىدۇ كۆزۈمگە يېغا ئۇلۇشۇپ ...
سېزىمەن ... بۇ بىر قىش قاتتىق كېلىدۇ،
يىلاندەك تولغىنىپ چاقىدۇ سوغۇق.
قار چۈشەر توختىماي، مۇز تۇتار قېلىن،
شۇۋۇرغان سوقىدۇ ساداسى بوغۇق.
يەر – جاھان توڭلايدۇ، توڭلايدۇ دەريا،
دەرەخلەر پاناسىز ئۇششۇپ قېلىشتىن.
ماكانسىز كىشىلەر تەمتىرەر سوغدا،
كىم ئۆلۈك، كىم تىرىك چىقار كىن قىشتىن؟ ...

* *

باھارنىڭ تۈسىنى ياسىغان كۆكتە،
ئاق بۇلۇت ئوينىغان كەچكۈز ئاسمىنى.
پەسىللەر ئۈزۈلمەي نۆۋەت ئالىدۇ،
بولىدۇ يەردىمۇ دەريا تاشقىنى ......

1966 – يىل 11 – ئاي
قەشقەر يېڭىسار.



# قار گۈلى

قار گۈلى ئۈنۈپ چىقتى زېمىستان قىش،
رەڭگىدىن ھايات نۇرى چېچىلىدۇ.
مۇزلىغان چوققىلاردا يىلتىز يايدى،
ئۇ ئاپئاق قار ئىچىدە ئېچىلىدۇ.
ئېچىلغان تالالىرى يېشىل رەڭدە،
يېشىل رەڭ — يېشىل دېڭىز يايغان ئېتەك.
تەۋرىنىشى ئوخشاپ كېتەر دولقۇنلارغا،
ھاياتى دولقۇنلارنىڭ — ئۆر كەشلىمەك.
بۇ گۈلنىڭ تالاسىدا ئاق رەڭمۇ بار،
ئانىنىڭ ھالال سۈتى ئاشۇ ئاقتا.
ئۇ ئۈندى، سۇنۇق دىلغا ئۈمىد سالدى،
زېمىننىڭ يېشى ئۇنى سۇغارماقتا.
بۇ گۈلنىڭ تالاسىدا ئاق رەڭمۇ بار،
تاڭدىكى چولپان رەڭگى ئاشۇ ئاقتا.

ئۇ ئۆندى، ئۇندىن ياقۇت نۇر تارالدى،
تۆن باسقان تاغ - ۋادىلار ئاقارماقتا.
يېرىمى قىزىل بولدى گۈل تاجىنىڭ —
قوزغىلاڭ بايرىقىدەك قان رەڭگىدە.
نە ئەجەپ؟ يۇغۇرۇلغان چەكسىز زېمىن
قان بىلەن ئۇزاق ئەسىر مابەينىدە.
قار گۈلى قارلىق تاغلار ئۆلكىسىدە
شولىسى بولدى كۆتكەن يىراق تاڭنىڭ.
تۈسى بار ئۇنىڭ گۈزەل كۆلكىسىدە
ئۆلۈمگە تىز پۈكمىگەن قەھرىمانىنىڭ.
قار گۈلى — مۇقەددەس گۈل، ھايات گۈلى،
رەڭگىدىن جەڭ شاتلىقى چېچىلىدۇ.
بورانلىق بولار ئۇنىڭ ھايات يولى،
ئۇ مۇزلۇق چوققىلاردا ئېچىلىدۇ.

1966 - يىل 12 - ئاي،
سەپەردە.



# قىش قوشىقى

قايغۇلۇق تىكىلمە بۇ قېلىن قارغا،
قارلىق قىش ھامىلدار يېشىل باھارغا.

* *

تۆكۈلگەن چېچەكتەك لەپىلدەيدۇ قار،
جاھاننى ئاقارتىپ، كۆمۈپ ھەممىنى.
قار باسقان چوققىلار پارقىراق خەنجەر،
تۇمانلىق شۇۋۇرغان بىلەيدۇ ئۇنى.
بۆرىدەك ھوۋلايدۇ شىمال شامىلى،
نەدىدۇر ياڭرايدۇ تەمبۇرنىڭ ئۈنى.
دەريالار ئۈستىدە قېلىن مۇز قاتقان،
ئاستىدا گۈركىرەر بوغۇق دولقۇنى.

دالادا، ئۆگزىدە، كوچىلاردا قار،
قېلىن قار ئۈستىدە ئۆتۈكنىڭ ئىزى.
ئېتىزلار توڭلىغان، توك يەر ئاستىدا —

ھاياتلىق تولۇپ تاشقان كۆكتات يىلتىزى .
ھاۋادا ئويناپ ئۇچقان قار ئۇچقۇنلىرى ،
قەلبىمگە قونۇپ ئۇچقۇننىڭ ئۆزى .
كىچىكلەر سوغۇقتا تىنىق تېخىمۇ ،
كۆمۈشلىك چاقناپ قۇتۇپ يۇلتۇزى .

باغچىدا ، ھويلىدا ، سەينالاردا قار ،
كىشىلەر سۈپۈرگە ئالغان قولىغا .
قار قونغان شاخلاردا يېتىلمەكتە بىخ ،
دېھقان تاش يۆلەپ ئۆينىڭ ھولىغا .
ياشاپ ئۆتۈپ كېتىپ قارلىق دالىلار ،
بۇلۇتلار قاپلىغان قۇياش نۇرىغا .
چوكا مۇز قاپلىغان شارقىراتمىلار
تۇتاشقان كۆكنىڭ سامان يولىغا .

قار قېلىن ، تۈن ئۇزاق ، جاراڭلاپ سوغ ،
سوغ باھار ياشاپ دىرىلدەرلەردە ،
تۈن بويى ئۆيلەردە ئۆچمەي چىراق ،
ياشانغان كۆزەتچى تېخى ئۇنگەردە .
كۆرىنەر قىلىپ سوغۇق پارقىراش ،



ئاي نۇرى سوزۇلغان ، يامرىغان يەردە .
چاقنىغان كۆزلەردە تولۇپ بۇلۇت ،
چاقماق بار بۇلۇتلار قارايغان يەردە .

تېخىمۇ ياشارغان ئارچىلار قاردا ،
ئورمانلار سوزۇلغان ئۇزۇندىن - ئۇزاق .
ئاسمانغا باراۋەر قارىغاي قەددى ،
ئۇ قاردا كۆرىنەر يەنە يېشىلراق .
مۇزلۇقلار ئۈستىدە ھايات كۆلكىسى ،
ئېچىلغان قار گۈلى چاچىدۇ پۇراق .
كۆك يۈزى بورانلىق ، ئاسمان ئاستى قار ،
قارلىق يەر تېگىدىن ئۇرغۇيدۇ بۇلاق .

* *

قايغۇلۇق تىنىقلىمە بۇ قېلىن قارغا ،
قارلىق قىش ھامىلدار يېشىل باھارغا !

1966 ـ يىل 12 ـ ئاي
مارالبېشى .

# تاغلار قوشىقى

قارلىق چوققا ئاسماندا ئاقىرىدۇ،
پارقىرايدۇ مۇز تاجى كۈمۈش بولۇپ.
ئەسىر كۆرگەن ھاڭ تاشلار ئاق ۋە ھاۋارەڭ،
ئۇزاق تاغلار ياتىدۇ دولقۇنلۇنۇپ.
كۆك دېڭىز ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن،
دېڭىز گويا شۇ پېتى قالغان قېتىپ.
تاغ قاتمۇ - قات، ياتىدۇ تۆپۈلۈكلەر —
ئالتۇنرەڭلىك چۆللەرگە غۇلاچ ئېتىپ.
تۇمان كۆكۈش، داۋانلار ئېگىز - پەستە،
گويا ئىنسان كۆتۈرگەن زېمىن - ئاسمان.
قاراڭغۇلۇق قوينىدا تەسكەي يارلار،
جىلغىلارنى ئۆتكۈنچى بۇلۇت باسقان.



قارلىقلارنىڭ ئېتىكى چەكسىز سەھرا،
ئېدىرلىقلار ياتىدۇ زەنجىر بولۇپ.
قەد كۆتۈرگەن سايلاردا تەنھا تاغلار،
قىيا جەڭدە — ئاسمانغا خەنجەر ئۇرۇپ.
سەل غەزەپلىك، ئاقىدۇ جۇشقۇن دەريا،
بۇ تاغلاردا ئۆلمىگەن تېخى ھايات.
ئېپار كىيىك ئېچكىرى جىلغىلاردا،
ھاڭلار بويلاپ قاقىدۇ بۈركۈت قانات.
قىلىچلىق بوۋىلارنىڭ جەسىدى — تاغ،
كۆتۈرۈلگەن سۆڭەكلەر يۈكسەك بولۇپ.
ئەسىر كۆرگەن ھاڭ تاشلار ئاق ۋە ھاۋارەڭ،
ئۇزاق تاغلار ياتىدۇ دولقۇنلۇنۇپ...

1967 - يىل 4 - ئاي
كورلا.

## نەشپۈت چېچەكلىدى...

كۈمۈش تاغلار كۆكۈشرەك نۇرلىنىدۇ،
ئاسمان سۈزۈك، ئاقىدۇ دەريا تولۇپ.
ئۇچۇپ كېلەر تاغلاردىن يېنىك شامال،
يېشىل باغلار تەۋرەيدۇ دولقۇن بولۇپ.
ئۇيۇق يىراق، سەھەرلەر ئالما رەڭلىك،
سۇۋادانلار قاتارى يەلپۈنىدۇ.
كورۇلدايدۇ پاقىلار قەيەردىدۇر،
مەجنۇنتاللار قۇياشقا تەلپۈنىدۇ.
ئۆستەڭ ئويغاق، ۋادىدا ئاي قاراڭغۇسى،
غورا بولدى ئۆرۈكلەر چېچەك توزۇپ.
ئاخشام تىنچ، ئۇچىدۇ كۆكتە تۇرنا،



تاڭ خورىزى چىللايدۇ سوزۇپ - سوزۇپ.
نۆۋەت ئېلىپ نەشپۈتمۇ چېچەكلىدى،
قونۇپ قاپتۇ باغلارغا ئاپئاق بۇلۇت.
باغلار گويا تۈن ئاسمىنى تولۇنئايلىق،
گۈزەللەشكەن شاخلارغا يۇلتۇز قونۇپ.
باشلىنىشى ئەتىياز پەسىللەرنىڭ،
بېغىشلايدۇ ئۇ ئۈمىد جىمى جانغا.
يىراق دېھقان مۇڭلىنار باغلار ئارا،
قەلبى تولغان قورقۇنچ - ھاياجانغا.
ئۆستى نەشپۈت ئاستىدا ئىشلەپ دېھقان،
ئۆتتى قانچە باھارلار ئۇ تۇغۇلۇپ.
كۆرۈنمەكتە شۇ تاپتا نەشپۈت ئاڭا،
قېلىن قاردىن كېيىنكى توقاي بولۇپ...

1967 - يىل 4 - ئاي
كورلا.

# ناخشا ۋە ئۆلۈم

جىنايەت بولۇپ قالدى ناخشا ئېيتماق،
ئەجەللىك قىلىچ تەييار ئېيتساڭ قاچان.
ئېيتقىنا دوستۇم ئاشۇ ناخشىلارنى،
ناخشىلار ئۈچۈن مەيلى بېرەيلۇق جان.
بوۋىلار كۈيلىگەن بۇ ناخشىلارنى،
سەيلىدە، غەملىك كارۋان يوللىرىدا.
ئاتىلار كۈيلىگەن بۇ ناخشىلارنى،
نامراتلىق يۈكى ئېغىر دوللىرىدا.
ئانىلار كۈيلىگەن بۇ ناخشىلارنى،
ھازىدا، ئېتىزلاردا ئازاب بىلەن.
ئاكىلار كۈيلىگەن بۇ ناخشىلارنى،
كۆيىنى جاراڭلىتىپ راۋاب بىلەن.



يۈرەكتەك ھارارەتلىك بۇ ناخشىلار،
ۋە ئارزۇ يۇلتۇزىدەك چاچار ئۇچقۇن.
تۆكۈلگەن قاندەك قۇتلۇق بۇ ناخشىلار،
ئەبەدى بۇلاق گويا شوخ ۋە جۇشقۇن.
ئىلاھىي ماھارەتلىك بۇ ناخشىلار،
دېڭىزنىڭ بورىنىدەك ئۇنىڭ كۈچى.
دەريادەك كەڭ ھەم راۋان بۇ ناخشىلار،
ۋە تاغلار بۈركىتىدەك ئۆرلىگۈچى.
شەپەقتەك ئالتۇن نۇرلۇق بۇ ناخشىلار،
قۇبىدەك سەلتەنەتلىك، نەقىش - نەقىش.
قۇياشلىق تاڭدەك گۈزەل بۇ ناخشىلار،
بۇلبۇللۇق بوستانلاردەك ئارامبەخش.
چېچەكتەك رەڭمۇ - رەڭلىك بۇ ناخشىلار،
كاككۇكلار قوشىقىدەك ئېغىر دەرتلىك.
كۆزدىكى سۇدەك سۈزۈك بۇ ناخشىلار،
ۋە باھار ئاپتىپىدەك مۇھەببەتلىك.
ئېيتقىنا دوستۇم ئاشۇ ناخشىلارنى،

ناخشىلار ئۈچۈن مەيلى بىرەيلۇق جان.
پەخرىمىز، شۆھرىتىمىز — بۇ ناخشىلار،
كەڭ جاھان جۇر بولىدۇ ئېيتساڭ قاچان.
بىز دوستۇم شۇنداق خەلق، ناخشا ئۈچۈن
راھەت دەپ جان بېرىدۇ يىگىت - قىزىمۇ.
بىز ھايات — بۇ ناخشىلار ھايات مەڭگۈ،
بىز ئۆلسەك، ناخشا ئېيتار قەۋرىمىزمۇ!...

1967 - يىل 6 - ئاي
ئۈرۈمچى.



# جەنۇب كېچىسى

كۆك تاشلاپتۇ بويىنىغا قارا رومال،
سامان يولى — يېيىلغان ئاپئاق پوتا.
جىمجىت كېچە... ئاق تېرەك ئۈگدەيدۇ،
زېمىن بىھوش ئۇيقۇدا ئۇخلىماقتا.
قەيەردىدۇر ھاۋشۇيدۇ ئىتلار ئەنسىز،
كىملەرنىدۇر چىللايدۇ تۈن كاككۇگى.
گۈرۈلدىمەس تۈگمەنلەر توقاي ئارا،
شارقىرايدۇ تاغ سۈيى سايلاردىكى.
نەي ئاۋازى كېلىدۇ يىراقلاردىن،
تونۇش كۈيگە سالىدۇ باغلار قۇلاق.
بوستان چاچلىق تۈن قىزى دېرىزىدە،
كۆز ياشلىرى ئاقىدۇ بۇلاق - بۇلاق.
تىلسىز بۇلبۇل قىيالماي قونۇپ قاپتۇ،

چەيلەنگەن قىزىلگۈلدە، سۇلغان تەكتە.
ئۆلاپ - ئۆلاپ تاماكا چېكەر يىگىت،
كۆمۈش تۈتۈن تۇماندەك ئۆرلىمەكتە...
بوۋاق ئۇخلار ئەندىكىپ بۆشۈكىدە،
سوزۇپ ئەللەي ئېيتىدۇ ئانا مىسكىن.
ئولتۇرىدۇ غەملىك چال بوسۇغىدا،
ئۇ خىيالدا،
نېمىلەرنى ئويلايدىكىن؟...
قويۇقلاشتى تۈن ئارا قارا بۇلۇت،
تور تاشلاپتۇ دەرياغا كۆلەڭگۈسى.
كېچىدىكى جىمجىتلىق قورقۇنۇچلۇق،
لېكىن...
ئۈندىن ئويغاق تاڭ تۆرەلگۈسى!...

1967 - يىل 5 - ئاي
كورلا.



## يورۇق يۇلتۇز

كۆلەڭگۈسى ئۇزاردى تېرەكلەرنىڭ،
چۆلدىن قايتتى پادىلار، چوپان ھارغان...
كۈن سۈنماقتا ھالسىراپ، پەقەت ئۇنىڭ —
بۇلۇتلاردا ئالتۇنرەڭ ئەكسى قالغان.
تاغ ياردار، ئاسمانغا قان چاچرىدى،
گۈگۈم تۇتتى قارىلىق قىزىل قانغا.
كۆتۈرۈلدى دەريادىن كەچكى سالقىن،
سوغۇق تىترەك ئولاشتى سۇۋادانغا.
ئۇچۇپ چىقتى شەپەرەڭ ئەسكى تامدىن،
يوشۇرۇنغان چېكەتكە چىرىلدايدۇ.
بوستانلارغا تۈن چۆكتى خىرە - شىرە،
قاراڭغۇلۇق مەخمەلدەك جىملدايدۇ.

يالغۇز ئاق قۇ ئۇچىدۇ ئېگىزلىكتە،
ئۇ ئاداشقان ۋە ئەنسىز ۋارقىرايدۇ.
يورۇق يۇلتۇز كۆك ئارا بولدى پەيدا،
ئۇ دىلدىكى ئۈمىدتەك پارقىرايدۇ ...
ئۇ چاقنايدۇ كۈن نۇرى ئەكس ئەتكەن —
زۇلپىقارنىڭ قۇيۇچ بىسلىق يۈزى بولۇپ.
ئۇ چاقنايدۇ چۆللەردە تېنەپ قالغان —
سەيياھنىڭ يول ئىزلىگەن كۆزى بولۇپ ...

1967 - يىل 5 - ئاي
كورلا.



## ئۇ ياشايدۇ كۈنگە ئىنتىلىپ ...

تام تۈۋىدە كۆكلەم پۇرىقى،
ئۈندى بىر تال قارىغاي ئۇرۇقى.
ئاجىز كۆچەت مۇڭلۇق ئىغاڭلار،
ئۈندىن نۇرنى توسايدۇ تاملار.
قۇياش كۈلۈپ باقمايدۇ ئاڭا،
تاغ سۇلىرى ئاقمايدۇ ئاڭا.
قىلماس ھېچكىم ئۇنى پەرۋەرىش،
ئۇ ياپ - يېشىل تۇرار باھار - قىش.
ئۇ ياشايدۇ كۈنگە ئىنتىلىپ،
خام كېسەكنىڭ باغرىنى يېرىپ.
تام ھاياتسىز، تاملاردا يوق جان،

كېيىنكىلەرمۇ ئۆسمەس ھېچقاچان .
كۆچەت ئۆسەر كۆككە بوي تارتىپ ،
قۇشلار كېلەر ئاڭا توي تارتىپ .
ئۇ نەيزىدەك سانجىلىپ تۈنگە ،
ئاخىر بىر كۈن يېتىدۇ كۈنگە .

1967 ـ يىل 8 ـ ئاي
ئۈرۈمچى .



## راۋاب ۋە كۆز يېشى

مۇساپىرلار ئۆتسە يولدىن چېلىپ راۋاب ،
ساھىبجامال ئۇزاققىچە قالار قاراپ .
ھېسلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى قامچىلايدۇ ،
كۆز ياشلىرى ئىختىيارسىز تامچىلايدۇ .
خېلىغىچە چىرايىدىن ئۆچەر كۈلكە ،
پەيدا بولۇپ خىيالىدا تونۇش ئۆلكە .
ئۇ ئۆلكىدە سۇ تۈگمىنى چۆگىلەيدۇ ،
قاياقتىنبىرەك گۇگۇم ئارا ئۈگىندەيدۇ .
تاغ سۇلىرى تاشتىن ـ تاشقا شاقىرايدۇ ،
كۆك گۈمبەزلەر ئاسمان ئارا پارقىرايدۇ .
ئۇندا كوچا ئاۋات قوغۇن ـ كاۋاپ بىلەن ،

گەل ياشايدۇ راغرا بىلەن، راۋاب بىلەن.
مەلىلەردىن ئۆتەر تۆگە كارۋانلىرى،
جاراڭلايدۇ تۆمۈر چىشىڭ بارغانلىرى.
باغلار رەڭدار، تاللار يايار يېشىل سۇمبۇل،
ۋە قىزلىرى سىڭىلەك چاچ، قىرىق كوكۇل.
ساھىبجامال قەلبىدەدۇر ئۇنىڭ ئېتى،
يىراقلاردا قالغان قىزنىڭ غېرىپ يۇرتى...

*   *

مۇسابىرلار ئۆتسە يولدىن چېلىپ راۋاب،
ساھىبجامال ئۇزاقتىچە قالار قاراپ...

1967 - يىل 8 - ئاي
ئۈرۈمچى.



# بۈركۈت ۋە ئارچىزار

گۈركىرەيدۇ شىۋىرغان،
ئۇچار قارلار.
بوران - زۇلمەت قوينىدا،
ئارچىزارلار.
تاغلار ياتار سۈكۈتتە،
خىيال ئارا.
توقايلىقلار باغرىدا
قانلىق يارا.
ئېغىر تۇمان كەتمەيدۇ،
مۇز قىيادىن.
تاغ دەرياسى ئاقمايدۇ،
جىلغىلاردىن.
ئارچىزارلار پاناسىز،
بۆرە باستى.

ياۋا قۇشلار ئورمانغا
ئۇگا ئاستى.
قاغىلار ئۇچۇپ كەلدى
قويۇن بولۇپ.
چىپىپ يۈرەر تۈلكىلەر
سايغا تولۇپ.
باتۇر بۈركۈت ئاسماندا
قىلماس پەرۋاز.
تارقىمايدۇ تاغ ئارا
ياڭراق ئاۋاز.
ئۇنى ئوۋچى باھاردا
كەتكەن تۇتۇپ.
كەلكۈن باسقان جىرادا
قىلتاق قويۇپ.
يېشىل ماكان ئۇنىڭسىز
يېتىم قالدى.
باتۇر بۈركۈت ئورنىنى
قاغا ئالدى.
ئارچىلار قىلار نالە،



بۇ ھالەتتىن.
تىترەيدۇ خورلۇقتىن،
ھاقارەتتىن.
كەلمەس سادا بۈركۈتتىن،
چاقىرغاندا.
مۇڭلىنىدۇ ئارچىلار
شۇۋىرغاندا...

*  *

باتۇر بۈركۈت ياشايدۇ،
تۇتقۇن بولۇپ،
ئۇنىڭ پۈتۈن ئەتراپى
قاراڭغۇلۇق.
ئۇنىڭ قەلبى ئازابتا،
كۆزى ياشلىق.
ئوۋچى ئاڭا كىيگۈزگەن
قارا باشلىق.
كۈچ — قۇدرەتنىڭ پۈتلىرى

زەنجىرلەنگەن.
ئەركىن قۇشقا يات بولدى،
ئۇچۇش دېگەن.
ئۇنى كۆنلەپ - ھەپتىلەپ
قويىدۇ ئاچ.
پەيلىرىنى قىلىدۇ،
تالان - تاراج.
ئۈۋچى غايەت قۇۋ ئادەم
ۋە ھولۇقما.
ئاندا - ساندا بېرىدۇ
ئازراق لوقما.
ئۇ ئويلايدۇ بۈركۈتنى
ئۆگەتمەكنى.
ئەركىنى، غۇرۇرىنى
تۈگەتمەكنى.
پەسلى كەلسە سالماقچى
ئۇنى ئوۋغا.
تاغ - دالادا كەزمەكچى،



مىنىپ يورغا.
تۇتقۇن بۈركۈت ئويلايدۇ
ئارچىزارنى.
مۇز باسقان قىيالارنى،
يېشىل يارنى.
ئۇنىڭسىز غېرىپ بولدى،
قارلىق چوققا.
پاناسىزلىق ئېلىنگە
بەردى سوققا.
ئۇ ئۇچاتتى ئېلىدە
ھۆر ۋە ئازات.
تاغ ئارا، ئاسمان ئارا،
قېقىپ قانات.
كۆك قەرىدە لەيلەشلەر
چۈشەر ئەسكە.
چاقماق بولۇپ شۇڭغۇيتتى،
گاھى پەسكە.
دەم ئالاتتى گاھىدا
يېشىل ياردا.

ئايلىناتتى بىپايان
ئارچىزاردا.
ئۇندا گۈللەر ئېچىلىپ،
يايرار ئىدى.
تاغ قۇشلىرى كۆكۈللۈك
سايرار ئىدى.
ئورمانلاردا ئوتلايتتى
بۇغا - مارال.
كۈن شولىسى چاقنايتتى
بولۇپ تال - تال.
ھاڭلار ئارا سەكرەيتتى
ئۇچقۇر كىيىك.
تۇتقۇن بۈركۈت زارلايدۇ:
ئاھ، ئەركىنلىك!...

* *

ۋادىلارنى ئاقارتتى،
دەسلەپكى قار.



قىش قۇياشى يالتىراپ،
كۈلۈپ باقار.
بۈركۈتنى ئېلىپ ئوۋچى
چىقتى ئوۋغا.
تاغ - دالانى ئايلىنىپ،
مىنىپ يورغا.
ئۇ ئالدىراپ - ھولۇقۇپ
چېپىپ بارار.
ۋە تاغلارنىڭ بېشىدا
كۆردى ئارقار.
ئېدىرلاردا ئولايدىن
كۆردى كۆپىنى.
بۈركۈت بېشىدىن چاپسان
ئالدى بۆكنى.
كۆتۈرۈلدى كۆككە قۇش،
بولدى ئازات.
تاغ ئارا، ئاسمان ئارا
قاقتى قانات.
ئۇچۇپ كەتتى توپ - توغرا

ئارچىزارغا.
جان تالاشتى بۆرىلەر،
قاچتى قارغا.
داغدا قىلىپ قۇۋ ئۇۋچى،
هاك - تاك باقار.
تاغ بېشىدا بىپەرۋا
يۇرەر ئارقار.
كەك ئارچىزار چاقنايدۇ
يېشىل رەڭلىك.
بۇر كۆت ئۇنى ياڭرايدۇ:
ئاھ، ئەركىنلىك!
ئەكس ئېتەر كۆن نۇرى
مۇز قىيادىن.
تاغ دەرياسى ئاقىدۇ،
جىلغىلاردىن...

1967 - يىل 12 - ئاي
ئۈرۈمچى.



# ئوتۇن ساتقۇچى دېهقان بالىسى

شالاڭلا شقان بازاردا ئادەم،
ياز قۇياشى غەربكە ئۆتۇپ.
كىچىككىنە ئوتۇن ساتقۇچى
ئۇخلاپ قاپتۇ خېرىدار كۈتۇپ.
توپا بېسىپ ياتار ئالدىدا،
باغلام - باغلام قۇرۇق ئوتۇنى.
باشقا نەرسە قالمىغان ئۆيدە،
ئوتۇن قىلغان ئىدى شوتىنى.
تېخى خوراز چىللىماي تۇرۇپ،
يولغا چىققان دېهقان بالىسى.
سىڭلىك ئۇچۇن كۆينەكلىك ئال دەپ،
ئەۋەتكەنىدى ئۇنى ئانىسى.
كىشىلەرغۇ مۇهتاج ئوتۇنغا،
ئالاي دېسە، يانچۇقى قۇرۇق.

نۇرغۇن كەلگەن بازارغا ئادەم ،
بىراق كۆپى تىلەمچى بولۇپ .
بالا كۆتۈپ ئاپتاپ ئاستىدا ،
ئۇخلاپ قالدى يۆلىنىپ تامغا .
شامال بىلەن ئۇچۇپ كەلدى چۈش ،
قانات يايدى ئۇيقۇلۇق جانغا ...
ئۇ چۈشىدە ... قايتتى بازاردىن ،
گويا ئوتۇن سېتىلغان ئىمىش .
سىڭلىسىغا ئاپتۇ كۆينەكلىك ،
ئانىسىغا ئاپتۇ ئۇ يېمىش ...
ناخشا ئېيتىپ خۇشاللىقىدىن ،
بارار ئىمىش مەھەللە يولىدا .
ئالغان چىنتى يۆگۈمەچ گۈللۈك ،
پۇلاڭلايمىش ئۇنىڭ قولىدا .
تارقىلارمىش كەچكى ھاۋاغا
ئاشكۆكىنىڭ شېرىن پۇرىقى .
سۇۋادانلار شىلدىرلىشارمىش ،
ئۆستەڭلەردە شەپەق يورىقى ...



سىڭلى يۈگرەپ كېلەرمىش ئاڭا ،
ئەكەلدىڭمۇ ئاكىجان ، دەيمىش .
ۋە ئانىسى ...
قاراپ ئىشىكتە ،
مۈگلۈقىنى كۆلۈمسىرەيمىش ...

* *

كىچىككىنە ئوتۇن ساتقۇچى ،
ئۇخلاپ قاپتۇ يۆلىنىپ تامغا .
كەچكى سالقىن بىردۇ ئارام ،
ئازابلانغان ئۇيقۇلۇق جانغا ...

1968 - يىل 8 - ئاي
كورلا .

# خار قىلالماس ئۇنى ھايۋانلار ...

كۆك يانتاقمۇ ياخشى دۇنيادا ،
جىنەستىدەك گۈزەل چېچەكلىك .
شوخ تورغايلار سايرار ئۈستىدە ،
شامال قانات ، بوز پۇپۇچەكلىك .
كېپىنەكلەر ئايلىنىپ تاڭدا
چېچىكىدىن شەبنەم ئىچىدۇ .
خار قىلالماس ئۇنى ھايۋانلار ،
چۈنكى ...
تىكىنى بىلەن ھېسابلىشىدۇ ...

1968 - يىل 6 - ئاي
ئۈرۈمچى .



# ئايدىڭ كېچە جىمجىتلىقىدا ...

ئېيتتى ئۇما ناخشىلىرىنى ،
كۈمۈش كېچە نۇرلانغاندا قىز .
قۇلاق سالدى ئاڭا كىشىلەر ،
قۇلاق سالدى ئۇيقۇلۇق ئېتىز .
تەھقىقلەنگەن ئانا ئاھاڭلار
كۆتۈرۈلۈپ ياڭراتتى كۆكنى .
ناخشىدىكى يالقۇن ۋە ئەلەم
دولقۇنلىنىپ يىغلاتتى كۆپنى ...
ھاياجانلىق ۋىسال كۈنلىرى
كۆرۈشكەنلەر يىغلايدۇ شۇنداق .
پاكى ئۆلگەن يېقىنلىرىنى
كۆمۈشكەنلەر يىغلايدۇ شۇنداق .
ئەزىز قوشاق ، قەدىمىي ناخشا ...

قانچە مەغرۇر ، قانچىلىك راۋان !
ئايدىڭ كېچە جىمجىتلىقىدا ،
قىزنىڭ ئۈنى ياڭرايدۇ ھامان :

ئايدىڭدا ئورغان ئوما ،
ئېتىزلاردا باغ قالدى .
ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق ،
يۈرەكلەردە داغ قالدى ...

1968 - يىل 8 - ئاي
كورلا .



## شىمال يۇلتۇزلىرىغا تەلمۈرۈپ ...

جىمغىنا ئۆگىدەيدۇ قاراڭغۇ سۇۋادانلار ،
ئاقىدۇ دەريا جىمجىت — خىيالدەك راۋان يولى .
كېسەلنىڭ كۆزىدىكى ئاخىرقى تەلپۈنۈشتەك ،
دەريادا ئەكس ئېتەر يالتىراپ چىراغ نۇرى .
يول بېسىپ ئۇزاق كۈنلەر چارچىغان يولۇچىلار ،
بېكەتنىڭ تېمى بويلاپ ياتىدۇ قاتارلىشىپ .
توپ بولۇپ كەلگەن ئۇلار نان ئېزلەپ ، بەخت ئىزلەپ ،
قەدىمىي كۆچمەنلەردەك سۇ كېچىپ ، تاغلار ئېشىپ .
ھېچ كىشى ئۇخلىمايدۇ ، سۈكۈتتە ياتار تىنچ ،
ناخشىدىن خالى ياشلار ، قېرىلار سالماس پاراڭ .
ئوت يانغان سانسىز كۆزلەر شىمالغا تەلمۈرىدۇ ،
ئۇلاردىن سوغۇق ياشلار تۆكۈلەر تارام - تارام .
قارىيىپ كۆرۈنىدۇ قارلىق تاغ يېقىن يەردە ،

شىمالنىڭ ۋادىلىرى باشلىنار ئۇندىن نېرى.
يۇلتۇزلار جىمىلدايدۇ كۇمۇشرەڭ ئېگىزلىكتە،
شىمالنىڭ يۇلتۇزلىرى،
شىمالنىڭ يۇلتۇزلىرى...
قېرىلار جاھان كۆرگەن، شىمالنى ئالىمزارلىق،
يايلاقلار سېخى قۇچاق، كۈن كۆرۈش ئاسان دەيدۇ.
بىلمەيدۇ لېكىن ئۇلار — پاناھ يوق شىمالدىمۇ،
ئالىملار باھار پەسلى قان رەڭلىك چېچەكلەيدۇ...
جىمغىنا ئۆگىدەيدۇ قاراڭغۇ سۇۋادانلار،
ئاقىدۇ دەريا جىمجىت — خىيالدەك راۋان يولى.
كېسەلنىڭ كۆزىدىكى ئاخىرقى تەلپۈنۈشتەك،
دەريادا ئەكس ئېتەر يالتىراپ چىراغ نۇرى...

1968 - يىل 8 - ئاي
كورلا.



# دېڭىز...

كىچىككىمدە ئويلايتتىم «ۋەتىنىمدە دېڭىز يوق»،
نەزەر سالدىم چوڭ بولۇپ — دېڭىز ئىكەن ۋەتىنىم.
سانسىز كېمە غەرق بولمىش بۇ بورانلىق دېڭىزدا،
ساھىللارغا تەلپۈنۈپ يەلكەن يېيىپ ئۈزۈپ جىم...
كەلگەن ئىكەن سۇلىرى تومۇرلاردىن، كۆزلەردىن،
بۇلاق بولۇپ تېشىپتۇ بۇندا ئۆتكەن ھەر كىشى.
تىنىم تاپماس دولقۇنلار شۇڭا ئانار رەڭگىدە،
يارىلانغان يولۋاستەك ھۆركىرەيدۇ ئۆر كىشى...

1968 - يىل 8 - ئاي
كورلا.

# غازاڭ ۋە يوپۇرماق

باھار كېلىپ دەرەختە بىخ چىقارسا پۇتاقلار ،
قىشتىن قالغان غازاڭلار تۆكۈلدۇ تۇپراققا .
كۈندىن - كۈنگە ئۆسىدۇ يېڭى ، يۇمران يوپۇرماق ،
كىچىككىنە بوستانلىق تولۇپ كېتەر پۇراققا .
بورانلاردا تۆكۈلمەس يېڭى چىققان يوپۇرماق ،
غازاڭ ئۈچۈن شاخلارنىڭ مىدىرلىشى كۇپايە .
غازاڭ يېتىپ تۇپراقتا سازاڭ بىلەن قۇرۇتقا
دۇنيادىكى تەقدىردىن سۆزلەپ بېرەر ھېكايە ...

1968 - يىل 8 - ئاي
كورلا .



# شاماللىق تاڭ ، يېشىل يۆگۈمەچ ...

ئوراپ ئۆسكەن يېشىل يۆگۈمەچ
باغنىڭ ئەركىن كۆچەتلىرىنى .
تاڭ شامىلى يەلپۈپ ئۆتىدۇ ،
ئۇنىڭ ئاپئاق چېچەكلىرىنى .
بۇ چېچەكلەر ئېچىلار پەقەت
تاۋلانغاندا شەپەق يانغىنى .
بېغىشلايدۇ ئاڭا ھۆر ھايات
قىزىل شەپەق ، سەھەر سالقىنى .
ئاپئاق چېچەك ! تازا ۋە نەپىس ،
كۆزلىرىنى يۇمىدۇ ئۇ كەچ .
ئېچىلماققا تاڭنى كۈتىدۇ ...
تاڭغا تەشنا يېشىل يۆگۈمەچ .

1968 - يىل 8 - ئاي
كورلا .

## تولۇن ئاي قوشىقى

كۆمۈش كۆكنىڭ ئاق لەيلىسى كېزەر جاھاننى،
ئۇنىڭ گۈزەل كۈلۈشلىرى قىينايدۇ جاننى.
ئايغا قاراپ ئۆز يارىنى ئويلايدۇ جانان،
ئايغا قاراپ جانانىنى ئويلايدۇ ئوغلان.
كۆرىشەلمەي ئۆتكۈزىدۇ ئۇلار يىللارنى،
تولۇن ئايلا كۆرەلەيدۇ پەقەت ئۇلارنى.
ئاي خىيالچان، يورىتىدۇ سوغۇق جاھاننى،
خىيال بىلەن قاراشلىرى قىينايدۇ جاننى...

1968 - يىل 9 - ئاي
كورلا.



## راۋاب ۋە ئانا

چۈشۈپ قالدى تۈرمىگە ئەزىز ئوغلى،
يالغۇز قالدى ئۆيىدە قېرى ئانا.
تايانچىسىز تەس بولدى ئۇنىڭ كۈنى،
ئۇ ياشايدۇ مۇھتاجلىق، يوقلۇق ئارا.
قۇرىمىدى ئانىنىڭ كۆز ياشلىرى،
يوقسۇزچىلىق ئېزىدۇ، يىغلايدۇ قان.
قەرز ئالسا ئۇ يەردىن بىر تاۋاق ئۇن،
تىلەپ يەيدۇ بۇ يەردىن بىر پارچە نان.
ئۇچىسىدا قالمىدى پۈتۈن كىيىم،
قىش كۈنلىرى سوغۇقتىن قىلار پىغان.
ئاق سۈت بەرگەن كۆكرىكى قالدى ئوچۇق،
ئاپئاق چېچى چۈگۈلدى مەجنۇنسىمان.
ھەممە نەرسە سېتىلدى، پەقەت ئۆيدە —

ساقلار ئانا ئوغلىنىڭ راۋابىنى.
تاڭ قالدۇ راۋابنى سات دېگەنلەر
ئاڭلىغاندا ئانىنىڭ جاۋابىنى...
ئانا دەيدۇ: ساتمايمەن بۇ راۋابنى،
ياشىسامۇ كېپەك يەپ، قالاپ يانتاق.
ساتمايدىغان نەرسىنى سېتىپ قويۇپ،
مەن ئوغلۇمنىڭ يۈزىگە قاراي قانداق؟
ئاشۇ راۋاب —— شانىمىز، نومۇسىمىز،
نەسىللەردىن - نەسىلگە قېلىپ كەلگەن.
ساتماي ئۇنى، ئەزىزلەپ مەرت ئوغۇللار
زامانلاردىن - زامانغا چېلىپ كەلگەن.
ئۇزاق يىللار جەڭ قىلىپ راۋاب ئۈچۈن
تۆپراق بولدى چۆللەردە تالاي قۇربان.
زىندانلاردا چىرىدى ئىسيانچىلار،
دەريا بولدى ئاققان ياش، تۆكۈلگەن قان.
راۋاب ئۈچۈن قاماققا رازى بولدى،
ئېگىلمىدى ئوغلۇمنىڭ مەغرۇر بېشى.
ئۇ ساتمىدى نان ئۈچۈن راۋابىنى،



ئۇنى ساتتى ئۆزىنىڭ قېرىندىشى.
راۋابىنى ساز قىلىپ چالسا ئوغلۇم،
كۆڭۈللەردە ئۆرلەيتتى ئوتلۇق قوياش.
شوخ ۋە گۈزەل ئاھاڭغا سېلىپ قۇلاق،
خۇشال بولۇپ قالاتتى قېرى ۋە ياش.
ياق، راۋابنى ساتمايمەن! —— دەيدۇ ئانا،
ياشىسامۇ كېپەك يەپ، قالاپ يانتاق.
ساتمايدىغان نەرسىنى سېتىپ قويۇپ،
مەن ئوغلۇمنىڭ يۈزىگە قاراي قانداق؟

1968 - يىل 9 - ئاي
كورلا.

## قار گۈللىرى بولدى گۈلىستان...

قار گۈللىرى بولدى گۈلىستان،
ھەممە يەردە شۇ گۈلنىڭ ئۆزى.
ئۇ كۆپەيدى، گۇگۇم قوينىدا —
كۆپەيگەندەك ئاخشام يۇلتۇزى.
سوغ كۈچەيدى، لەپىلدەيدۇ قار،
گۈر كىرەيدۇ ئاچچىق شىۋىرغان.
شىۋىرغانلار، قار ئويۇملىرى
قار گۈلىگە بېغىشلايدۇ جان...

1968 - يىل 12 - ئاي
بېيجىڭ.



## چېچەكلەردىن كۆز ئۈزمەيدۇ چال...

ئېچىلىپتۇ شاپتۇل چېچىكى،
لالىرەڭدىن ئۇرغۇپ تۇرار ئاق.
ئىغاڭلىسا شاخچىلار نازلىق،
ئەركىلەيدۇ يۇمران يوپۇرماق.
ئاپتاپ سۇنۇپ تامنىڭ تۈۋىدە،
چېچەكلەردىن كۆز ئۈزمەيدۇ چال.
ئۇ چېچەكسىز ئۆمرىنى ئويلار،
كۆزلىرىدە ئازاب ۋە خىيال...

1969 - يىل 4 - ئاي
كورلا.

# شوڭقار قوشىقى

بولاقتەك تىنىق شۇنچە بىپايان كۆمۈش بوشلۇق،
لەيلەيدۇ ئۇچۇپ شوڭقار كۆز يەتمەس ئېگىزلىكتە.
يالتىراپ تاڭ نۇرىدا ئۇ روشەن كۆرىنىدۇ،
قاش تېشى كۆرۈنگەندەك سۇ ئاستى تىنىقلىكتە.
ئۇچۇشتىن تاپار راھەت تەبىئەتنىڭ بۇ ئەركىسى،
كۆك ئاسمان ۋەتەن ئاڭا، قارلىقلار تەختى ئۇنىڭ.
چارچىماس قانات بىلەن كۆك يېرىپ چاقماقسىمان،
بۇلۇتتەك يېنىك لەيلەش — ھاياتى، بەختى ئۇنىڭ.
ئۇ ئۇچسا قالار پەستە قارلىق تاغ، ئاپئاق بۇلۇت،
ئاستىدىن ئۆتەر ئوقتەك چۆل، دالا، دەريا - ئېقىن.
ئۆرلەپ ئۇ بارا - بارا نەزەردىن ئۇزاقلىشىپ،
كۆمۈلۈپ ئالتۇن نۇرغا ئۇچىدۇ كۈنگە يېقىن.



ئازات قوش قىلار پەرۋاز ئىلاھىي پاراغەتتە،
بىپايان بۇ دۇنيادا كۆپ ئەركىن پەقەت شۇلا.
ئۇ ئۇچقان تاغلار گۈزەل، ئۇ ئۇچقان ئاسمان سۈزۈك،
كۆك ئارا جىمىرلايدۇ تارىلىپ كۈمۈش نۇرلار.
كۈلىدۇ پارلاق سەھەر، نۇرلىنار زېمىن ئۈستى،
بوستانلار ئويغىنىدۇ يەلپۈنۈپ شامال بىلەن.
ئالتۇن شار چىقار بالقىپ بىنەپشە ئۇپۇقلاردىن،
ۋادىلار ئۆرۈلىدۇ ھاۋارەڭ رومال بىلەن ...

1969 - يىل 5 - ئاي
كورلا.

# يېشىل رەڭ توغرىلىق ناخشا

يۇرتىم سۆيۈنىدۇ كۆرگەندە يېشىل رەڭنى ،
تۇغۇلغان يېرىم مېنىڭ ـــ ياپيېشىل گۈلستانلار .
نەزىرىم چۈشكەن جاينىڭ ھەممىسى يېشىل رەڭدە ،
مەن ماڭغان كوچىلاردا ئۆسىدۇ يېشىل تاللار .
يېشىل نۇر چاچار باغدا گۈللەرنىڭ يوپۇرمىقى ،
قىزىلگۈل ئېچىلىدۇ كۈلگەندە بۇلبۇلگويا .
ئۇلىنىپ بىر ـ بىرىگە سوزۇلار يېشىل باغلار ،
ۋادىلار كۆكۈلمەيدان ، ئۆلكىلەر ـــ يېشىل دۇنيا .
كۆمۈلگەن يېشىللىققا مەن ئۆسكەن مەھەللىلەر ،
ئانا يەر يېشىللىقنىڭ ئىچىدە ئالىدۇ تىن .
ئېتىزدا زىرائەتلەر ئۈنىدۇ يېشىل رەڭدە ،
بىزنىمۇ ، كىيىممۇ كىيىلىدۇ يېشىللىقتىن .



ئۇپۇقتا تۇتىشىدۇ بىپايان يېشىل دالا ،
شاخ يايغان كېۋەزلىكتە قونىدۇ يېشىل بۇلۇت .
ئالتۇنرەڭ پۆپۈچە كىلىك قوناقلار يېشىل رەڭدە ،
بۇغداينىڭ يېشىل كۆكى ئۆسىدۇ دولقۇنلۇنۇپ .
سۆيىمەن يېشىل رەڭنى بىر ئىسسىق مېھىر بىلەن ،
گۈمبەزلەر يېشىل خىشتىن قەدىمىي شەھەرلەردە .
ئەجدادىم ئىزلىرىنى كۆرىمەن يېشىللىقتىن ،
بوۋامنىڭ ئەزىز تېنى ياتىدۇ يېشىل يەردە .
باراڭلىق ھويلىمىزدا بار ئىدى يېشىل ئۈزۈم ،
يۆكسەلگەن سۇۋادانلار ئالدىدا دەرۋازىنىڭ .
ئۈرۈكلۈك كىچىككىنە بېغىمىز يېشىل ئىدى ،
بۆككىدە كۆلەڭگۈسى ئۆستەڭگە چۈشكەن ئۈنىڭ ...

1969 ـ يىل 5 ـ ئاي
كورلا .

# چېچەك ۋە بوران

سۇنۇپ ئاخىر ئۇزاق قىش جۇدۇنلىرى،
زېمىن ئىللىپ، ئاسماندىن تۆكۈلدى ياش.
تۇمان چۆككەن ۋادىلار ئاچتى چىراي،
چېچەكلىدى جانلىنىپ باغلار تۇتاش.
چېچەكلىگەن باغلاردا تاۋلىناتتى
ئالما رەڭگى قىزىللىق، يېشىل ۋە ئاق.
گۈزەل ئىدى نۇرلانغان بۇ چېچەكلەر،
كۈلۈپ تۇرغان بوۋاقتەك مەسۇم، ئوماق.
يېڭى كۆكلەم ھاياتى، تەبەسسۇمى،
سۇنغان دىلدا ئويغاتتى تىلەكلەرنى.
كۆتۈرۈلدى دەھشەتلىك بوران لېكىن،
تۆكۈۋەتتى بۇ بوران چېچەكلەرنى.
قۇمۇرۇلدى دەل - دەرەخ، سۇندى شاخلار،



توپا - توزان ئۆرلىدى ساپ ھاۋاغا.
گۈل - گۈلىستان ۋادىلار ئوخشاپ قالدى
قار تۇمانى ئويناغان ئاي دالاغا.
ئەمما يەردە ئۆلمىگەن يىلتىزلار بار،
قەيەر يىلتىز بىخلىنىپ يەنە گۈللەر.
يوقالمايدۇ ھاياتنىڭ چېچەك پەسلى،
بورانلارنى كۆپ كۆرگەن بۇ قەدىم يەر...

1970 - يىل 5 - ئاي
كورلا.

# ئاھ، دۇنيا!

ئاي چاقناپ كۆرۈنىدۇ تىرە كلەر ئارىسىدىن،
ئىسلا شقان قاراڭغۇلۇق يەر بىلەن قۇچاقلا شتى.
چۆللەردىن چىپىپ ئۆتكەن بۆرىلەر پادىسىدەك،
پارچە - پارچە بۇلۇتلار كۆك بويلاپ تۇمانلا شتى.
ئاينىڭ سوغۇق شولىسى يورۇتقان قارلىق تاغلار
كىپەنلەنگەن مۇردىدەك ياتىدۇ ئاپئاق بولۇپ.
توسۇن ساي ئېقىنلىرى ئۇيقۇلۇق شارقىرايدۇ،
ئەۋرىشىم مەجنۇنتاللار ئىغاڭلار مۇڭغا تولۇپ.
ئۆچۈۋاتقان ھاياتتەك پىلىلدايدۇ يۇلتۇزلار،
خىرە نۇر ئەكس ئېتەر يوپۇرماق ۋە تاللاردا.
تۇمانلىق ئېگىزلىكتە ۋارقىرايدۇ تون قۇشى،
شاماللار گۈرۈلدەيدۇ قاراڭغۇ جاڭگاللاردا.
قەدىمي زامانلارنى ئەسلىتەر ياۋايى تون،



تون پەردىسى قويۇقلىشار ئىپتىدائى قۇملۇقتا.
تەبىئەت قورقۇنۇچلۇق، چەكسىز يەر ياتار غەمكىن،
ئاخىرەت ئۇيقۇسىدەك ئەبەدىي جىمجىتلىقتا.
ئاھ، دۇنيا!...

1970 - يىل 7 - ئاي
كورلا.

# كۆز سۇلىرى

كۆك ـ قارامتۇل تۇس ئېلىپ، لىق تولۇپ ئېرىقلارغا
ئاستاغىنا ئاقىدۇ كۆزنىڭ سوغۇق سۇلىرى.
يالتىرار بۇ سۇلاردا سىل كېسەلنىڭ رەڭگىدەك،
ئۆچۈۋاتقان قۇياشنىڭ ساغۇچ، ئاجىز نۇرلىرى.
مۇز ئاستىدا گۆر كىرگەن قىش سۇلىرى ئەمەس بۇ،
ئەمەس ياكى باھاردا قايناپ ـ تاشقان جۇشقۇن سەل.
قولۇڭنى تىقىپ كۆرسەڭ مۇزلىتار ۋۇجۇدىڭنى،
قارىساڭ كۆز تارتىدۇ شۇنچىلىك سۈزۈك، گۈزەل.
بويىدا ئېرىقلارنىڭ سۇغا تېگىپ تەۋرىنىدۇ،
كۆز يېشىدەك تامچىلار يالتىرىغان سولغۇن چىم.
پارقىراق ئالتۇن قۇملار، روشەن تاشلار ئۈستىدىن
يىلان كەبى تولغىنىپ ئاقىدۇ بۇ سۇلار جىم.
كۆزنىڭ ئاچچىق شامىلى قوزغايدۇ بۇ سۇلاردا



كېڭىيىپ تىترەيدىغان دۈگىلەك دائىرىلەر.
قەبرىگاھ بولۇپ ئۇلار تامام بولغان ھاياتقا،
تۆكۈلگەن غازاڭلارنى ئېقىتىپ ئېلىپ كېلەر.
ئاپئاق ئايدىڭ كېچىلەر كۈمۈش ئاي جىمىرلايدۇ،
ئۇزۇن، قارا كۆلەڭگۈلەر ئىغاڭلايدۇ بىتىنىم.
تاڭلىرى ئەكس ئېتەر قوڭۇررەڭ بولۇتلۇق كۆك،
لېكىن بۇ گۈزەللىككە نەزەر تاشلىماس ھېچكىم.
ھېچكىم بۇ سۇلارنى چىمەنگە ھايات بىلىپ،
كەتمەن تۇتۇپ، ناخشا ئېيتىپ باشلىماس ئېتىزلارغا.
زىرائەت، گۈل ـ كوكاتلار قورىغان، سولغان تامام،
يالىڭاچ ئېتىز ـ دالا ھاجەت ئەمەس ئۇلارغا.
يوللارغا تېشىپ چىقىپ ئايلىنىدۇ پاتقاققا،
تۇپراقنى بۇزۇپ بۇ سۇ كېڭەيتىدۇ يارلارنى.
توڭلىغان يەر سىڭدۈرۈپ ئالماس ئۇنى باغرىغا،
چوقا مۇز بولۇپ ئاخىرى بېزەيدۇ جىرالارنى....

*     *

كۆك - قارامتۇل تۇس ئېلىپ، لىق تولۇپ ئېرىقلارغا،
ئاستاغىنا ئاقىدۇ كۆزنىڭ سوغۇق سۇلىرى.
يالتىرار بۇ سۇلاردا سىل كېپىنەلىنىڭ رەڭگىدەك،
ئۆچۈۋاتقان قۇياشنىڭ ساغۇچ، ئاجىز نۇرلىرى...

1970 - يىل 11 - ئاي
كورلا.



# تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش

( باللادا )

ئۇيۇق يورۇپ باھار تېڭى ئاتقاندا،
تۇرنىلارنىڭ ئۈنى كەلدى ھاۋادىن.
خىيالىمدا شاد دولقۇنلار قوزغالدى،
بۇ كۆكلۆلگە يېقىن، يېڭى سادادىن.
كۆرمەك بولۇپ قايتىپ كەلگەن قۇشلارنى،
كۆك يۈزىگە باقتىم چىقىپ تالاغا.
ئۇلار ئۇچۇپ كېلەر ئىدى تىزىلىپ،
باھارنى تاپقان تاغۇ - دالاغا...

* *

شۇ دەم مېنىڭ خاتىرەمدە جانلاندى،
بۇ قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ كەتكەن چاغلىرى.

باھار بىلەن بولغان ئاچچىق جۇدالىق،
ۋە سوغ قىشنىڭ دىلدا قويغان داغلىرى.
ئۇ كەچ كۈزنىڭ تۈنى ئىدى، ئاسماندىن —
قانات ئۇرۇپ ئۆتەر ئىدى توپ قۇشلار.
ئويغاق ئىدىم، دېرىزەمنىڭ ئالدىدىن،
ئۈزۈلمەيتتى غەمكىن، قاتار ئۇچۇشلار.
ياز قۇشلىرى ئۇچار ئىدى جەنۇبقا،
يېتىپ كېلەر بولغاچ تېزدىن سوغۇق قىش.
ئۆتەر ئىدى ئۇلار يېرىپ ھاۋانى،
تۈن كۆكىدە پەيدا قىلىپ تەۋرىنىش.
قارا تۇمان ئارىسىدىن چېچىپ نۇر،
غۇۋا كۆكتە پەيدا بولدى تولۇن ئاي.
ئاق شولىسى چۈشتى ئۆينىڭ ئىچىگە،
بىر پەس ئۇندا ئويناپ تۇردى يوقالماي.
شۇ دەم ئاۋاز بېرىپ مەغرۇر ۋە خۇشال،
ئاي ئاستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى يالغۇز قۇش.
قاراپ قالدىم مەپتۇن بولۇپ كەينىدىن،
ۋە قەلبىمدە داۋام قىلدى بۇ ئۇچۇش.
مەن كۆرەتتىم ئۇچار ئىدى تۈن قۇشى،



خىرە - شىرە بۇلۇتلارنىڭ باغرىدا.
ئۇچار ئىدى ئاسمان بويلاپ تارقىتىپ،
لاچىن ئۈنى كەبى ياڭراق بىر سادا.
ئۇنىڭ تەنھا قىقاسىدا بار ئىدى،
سوغۇق كۈندىن ئۇزاقلىشىش شادلىقى.
ھەم باھارغا بولغان تەشنا ئىنتىلىش،
ئۇچماق زوۋقى زۇلمەت باسقان تۈن چېغى.
ئۇنىڭ ئوتلۇق تاۋۇشىدا يوق ئىدى،
نالە، يالغۇز - يېتىملىكنىڭ نىداسى.
مەغرۇر ئىشەنچ ياڭرار ئىدى ئۇنىڭدا،
ئارزۇلارغا تولۇق ئىدى قىقاسى.
ئويلاپ قالدىم... قانداق باتۇر، قورقۇمسىز!
يالغۇز قاپتۇ بۇ قۇش ئۇچۇش چاغلىرى.
پىترىغاندۇر بەلكى توپى سەپەردە،
كۆكتە ھۇجۇم ياسىغاندا ياۋلىرى.
مۆكۈپ قالغان قويۇق شاخلار ئىچىدە،
بەلكى ئىنسان ئوقلىرىغا دۇچ كېلىپ.
كۆتۈرۈلۈپ قانات قاققان ئۇ تۈندە،
يورۇق جاھان يۇرتلىرىغا ئىنتىلىپ.

ئۇ ئۇچماقتا ئاي نۇرلىرى ئىچىدە،
گۈزەل، يىراق مەنزىلىگە يول ئېلىپ.
تۈن ئاسمىنى چەكسىزلىكى ئىچىدە،
ئاۋاز بېرىپ، ئۆز توپىنى چاقىرىپ.
ئىزتىراپلىق دىلىم مېنىڭ سۆيۈندى،
پەيدا بولدى تىلەكداشلىق، زوقلۇنۇش.
مەن ھاياجان بىلەن ئاستا كۈي ئېيتتىم،
ئاق يول بولسۇن تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش...
ئۇچقىن، جەنۇب قۇچىقىغا بېرىپ يەت،
ھالقىپ ئۆتۈپ دېڭىزلاردىن، ئەللەردىن.
بۈگۈن مۇندا ئاق تۇمانلىق قىش يېقىن،
باھار قۇشى، كەتكىن ئۇچۇپ بۇ يەردىن!
زىمىستاندا يەرۇ جاھان توڭلايدۇ،
سېنىڭ سۆيگەن پەسلىڭ ئەمەس قىش كۈنى.
سوغۇق قىشتا دۇنيا غەمكىن تۈس ئېلىپ،
قېتىپ قالار دەريالارنىڭ دولقۇنى.
ھۇشقىتىدۇ سانجىپ ئاچچىق شىۋىرغان،
ئىغاڭلايدۇ دەل-دەرەخلەر يالىڭاچ.
تاغ ئۇخلايدۇ قار-تۇمانغا پۈركىنىپ،



ۋە بۆرىلەر تېنەپ يۈرەر ھوۋلاپ ئاچ.
مۇندا نە ياز ئاپتاپلىرى بولىدۇ،
نە كۆكلەمنىڭ بۈك-باراقسان بوستانى.
نە بۇلاقتەك يېشىل سۈزۈك ھاۋالار،
نە گۈللەرنىڭ خۇشپۇراقلىق جاھانى...
باياۋاندا سەرسان كېزىپ كۈن بويى،
قۇملار ئارا چۆپ ئىزلەيدۇ كېيىكلەر.
ھايات سولۇپ كېسەل تارتقان كىشىدەك،
جانسىزلىنىپ قالار قۇرۇق كەڭلىكلەر.
بۇندا سېنىڭ پەرۋازىڭغا ئىمكان يوق،
زىمىستانلار ئەمەس سېنىڭ دەۋرانىڭ.
سەن جەنۇپنى تاپالايسەن ئۇچۇشتىن،
يىراقتىدۇر سېنىڭ سۆيگەن باھارىڭ.
ئۇنداق زۇلۇم سالار سوغۇق بولمايدۇ،
يۈز بەرمەيدۇ ھاياتلىقنىڭ سولۇشى.
ئۇچقىن شۇنداق، يەتكىن ئىللىق جايلارغا،
زۇلمەت ئارا يالغۇز ئۇچقان تۈن قۇشى!
ئۇ جايلاردا سەن سۆيگۈچى باھار بار،
ئويغانغان يەر تۇرغان كۈلۈپ، شوخ پارلاپ.

تەبىئەتكە بەرگەن گۈللەش مەۋسۇمى،
مۇھەببەتلىك قۇياش تۆكۈپ نۇر، ئاپتاپ.
ياشاش زوۋقى بىلەن يايراپ تۇرىدۇ،
گۈل - گۈلىستان قىلىپ زېمىن باغرىنى.
گۈزەل گۈللەر ئۈنۈپ چىقىپ، شاخ تارتىپ،
ياسىدۇرۇپ رەڭدار ئېتەر ۋادىنى.
تۈرلۈك بولۇپ ئېچىلىدۇ چېچەكلەر،
كۆز - كۆز قىلىپ نازۇك، نەپىس كۆركىنى.
ئۆز بەختىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلىدۇ،
دىل تارتىدۇ شوخلانغىنى، كۈلگىنى.
ئۇزاق، ئىسسىق دېڭىزلاردىن كېلىدۇ،
ئاق بۇلۇتلار يېشىل يەرنى كۆرگىلى.
ۋە شاماللار ناخشا ئېيتىپ، كۈي كۈيلەپ،
كېزىپ چىقار ياشناۋاتقان ئۆلكىنى.
ئېرىقلاردا سۇلار ئويناپ ئاقىدۇ،
خۇش ھاۋالىق ئېتىزلارغا ئالدىراپ.
سۇ بېتىدە قۇياش نۇرى يېيىلىپ،
كۆرىنىدۇ كۆز چاقنىتىپ، يالتىراپ.
تولۇپ ئاققان ئۆستەڭلەرنى سۆيىدۇ،



مەجنۇنتالنىڭ يېشىل، بۇدرە چاچلىرى.
بەزەن بۇلۇت قالار كۆكتە توپلۇشۇپ،
خۇشال بولۇپ تۆكۈلىدۇ ياشلىرى.
ئۈزۈم تېلى كۆكىرىشكە باشلايدۇ،
قىشقى قۇرۇق ياغاچلارغا شاخ ئارتىپ.
تاغ ئۆتلىرى ئىنتىلىدۇ ھاياتقا،
قورام تاشلار ئېچىدىنمۇ بوي تارتىپ.
غىر پىسسىنىپ ياتقان قاقاس چۆللەرمۇ،
قۇمۇشلارنى ئۆستۈرىدۇ بىزەككە.
قۇۋۋەت بېرەر قۇملار باغلاپ ئىشتىياق،
يۇلغۇنلىرى ئاچقان قىزغۇچ چېچەككە.
تۇغۇلغىنىغا خۇشال بولۇپ قوزىلار،
ئەركىلەيدۇ، ئويناقلايدۇ قىيغىتىپ.
كېپىنەكلەر يول ئالىدۇ باغلارغا،
ياشماقنىڭ ھۆرلىكىنى ھېس ئېتىپ.
پىلەك تارتىپ گۈزەل ھەشقىپىچەكلەر،
غەيرەت بىلەن ياماشىدۇ بىناغا.
ۋە ھويلىدا يېڭى چىققان چۆجىلەر،
ھەيران بولۇپ قاراپ قالار دۇنياغا.

ئاھ، ئۇ پەسىل ! مۇڭلۇق، كونا ئالەمنى،
شادلاندۇرۇپ گۈزەل بېزەش پەسلى ئۇ.
ھارارەتتىن ھايات ئېلىپ جانلىقلار،
قۇدرەت بىلەن ياشاش، گۈللەش پەسلى ئۇ.
ساڭا ئاشۇ پەسىل كېرەك، نۇر كېرەك،
پەقەت شۇندا مۇمكىن يايراش — كۈن ئېلىش.
خۇش ھىد، سالقىن يوپۇرماقلار ئىچىدە،
بالىلىرىڭنى قىلالايسەن پەرۋەرىش.
ئۇندا نۇرلۇق، كەڭرى ئاسمان سېنىڭكى،
ئۇندا گۈللەر سېنىڭ گۈلۈڭ، گىيايىڭ.
ئۇندا كۈلۈپ كۈيلەپ تۇرغان ئۆلكىلەر،
سېنىڭ پەرۋاز ئەيلىگۈچى دۇنيايىڭ.
يېرىلغۇدەك بولۇپ بەخت - شادلىقتىن،
ئۇندا سۈزۈك ھاۋالاردا ئۇچىسەن.
قانات قېقىپ ئۆتۈپ ئورمان ئۈستىدىن،
ياشناپ تۇرغان ۋادىلارنى قۇچىسەن.
كۈمۈش تاغدا قونۇپ ئېلىپ گۈللەرگە،
قوشاق توقۇپ، كۈي كۈيلەيسەن خالىساڭ.
ئاخشاملىرى كۆرۈپ گۈزەل چۈشلەرنى،



شاخلار ئارا ئۇگدەيسەن خالىساڭ.
سەن ئەركىنسەن ! ئۇچامسەن، يە قونامسەن،
سېنىڭ ئىشىڭ، ئىختىيارىڭ ئۆزەڭدە.
تەقدىرىڭنى تاپشۇرىسەن باھارغا،
خۇش كۆڭلىرىڭ ۋە قارارىڭ ئۆزۈڭدە.
ئۇچقىن قۇشۇم، باھارىڭغا بېرىپ يەت،
ساڭا ھايات بېغىشلايدۇ بۇ ئۇچۇش.
ئۇچقىن، سوغۇق، زۇلمەت تۈننى يېرىپ ئۆت،
ئۆز توپىدىن جۇدا بولغان يالغۇز قۇش ! ...

* *

ئۇپۇق يېرىپ باھار تېڭى ئاتقاندا،
تۇرنىلارنىڭ ئۈنى كەلدى ھاۋادىن.
خىيالىمدا شاد دولقۇنلار قوزغالدى،
بۇ كۆككۆلگە يېقىن، يېڭى سادادىن.

1979 - يىل 3 - ئاي
كورلا.

# ھايات توغرىلىق ناخشا

كۆرىنەر چوققىلارنىڭ رومالىدەك،
كۆك ئاسمان بوشلۇقىدا شالاڭ بۇلۇت.
كۈن پېتىپ كەتكەن يىراق جىلغىلارغا،
شولىسى گوياكى قان، گوياكى ئوت...
قارا تاغ — يانپاشلىغان قېرى جەڭچى،
يۈزىدە تىلىم - تىلىم قىلىچ ئىزى.
ئېتەكى ھايات قايناق قەدىم ماكان،
ياشايدۇ ئۇنىڭ سانسىز ئوغۇل - قىزى.
ئۇ ئارام بىلەن تىنىپ ئالغان نەپەس،
كېلىدۇ گۈركىرىگەن شامال بولۇپ.
بۇ ئانا شاماللاردىن ئالار پەھرى،
گۈزەل يۇرت، باغۇ - بوستان نۇرغا تولۇپ.
گۈركىرەپ كەلگەن شۇنداق بۇ شامااللار،
ئەجدادتىن ئەۋلادلارغا باغلاپ رىشتە.



شاماللار قوزغىغاندا يېشىل دۇنيا —
بولىدۇ دېڭىز كەبى تەۋرىنىشتە.
تىنىمسىز تەۋرىنىدۇ شامال بىلەن،
سۆگەتلەر تاشلاپ جۇلا، ئېچىپ كۆكرەك.
تەۋرىنەر رەڭمۇ رەڭلىك ئېكىنزارلار،
تەۋرىنەر يېتىم جىگدە، تەنھا تېرەك.
كۆتۈرۈپ سىۋىتىنى، يالاڭ ئاياغ،
قىرلاردىن ئوت ئالىدۇ دېھقان قىزى.
كۆينىكى يەلپۈنىدۇ شامال بىلەن،
شۇ پەيتتە بىسەرەمجان ئۇنىڭ كۆزى.
بىر يىگىت چىقىپ كەلدى ناخشا ئېيتىپ،
شىمى كۆك، كۆينىكى ئاق، بۆكىمۇ ئاق.
يېڭىدىن بىر تەۋرىنىش قىلدى ھاسىل،
نەسىلدىن - نەسىللەرگە قالغان بۇلاق.
تۈگۈنچەك سۇندى قىزغا، بىلەلمىدىم
سۇنغىنى ناۋاتمىكىن ياكى ئۈرۈك؟
لېكىن بۇ ۋىسال پەيتى بولماي ئۇزاق،
ئايرىلدى، سۆزلىشەلمەي قالدى تۈزۈك.
كۆرۈندى ئاق رومالىق بىر توپ ئايال،

قىز - يىگىت مۇھىم بىلدى ئېھتىياتنى .
ۋىچىرلاپ قالدى شۇدەم قارلىغاچلار ،
نامايان قىلىپ يەنە بۇ ھاياتنى .
تەۋرىنىپ تۇرغان تالدا پىر - پىر ئۇچۇپ ،
بالىسى ئانىسىدىن ئوزۇق ئالدى .
ئانىسى چاقماق كەبى شۇڭغۇدى - دە ،
ئالدىراپ يەنە يىراق كېتىپ قالدى .
كوچىدا ئولتۇرىدۇ قېرى موماي ،
قۇرىغان ھېلىلىدەك بولۇپ بۇ ئان .
ئىشتانسىز بۇدرۇق - بۇدرۇق ئوغۇلچاقلار ،
ئوينايدۇ ئەتراپىدا سېلىپ چۇقان .
يىقىتىپ بىر - بىرىنى يىغلىشىدۇ ،
ۋە يەنە ئىناق بولۇپ قالار دەرھال .
نېمىنى ئويلايدىكىن ئاق چاچ موما ،
ئولتۇرار سۆكۈت بىلەن سۈرۈپ خىيال .
پىلدىرلاپ قالغان نۇرسىز كۆزى ئۇنىڭ ،
خاتىرجەم ، ئارام بىلەن باقار يەرگە .
ئۇ باققان سەدەپ رەڭلىك سېغىز تۇپراق ،
قەدىمدىن ھايات بېرىپ كەلدى ئەلگە .



شۇ ئاددىي ، لېكىن بەكمۇ ئۇلۇغ تۇپراق ،
كۆكلىرۈپ ، بوستان بولۇپ كەلدى ھامان .
پەرۋەرىش قىلدى يېڭى تۇغۇلغاننى ،
ئۆلگەنگە ئۆز باغرىدىن بەردى ماكان .
ئەسىرلەر ئۆزلۈكسىز بۇ تۇپراقتا ،
بۆشۈكنىڭ تاقىلدىشى ، ئەللەي ئۇنى .
ئۆزلۈكسىز بولۇپ تۇردى يىغا - زارە ،
ئاتىلار ۋە ئانىلار ئۆلگەن كۈنى .
بۇ تۇپراق بېقىپ كەلدى ئادەملەرنى ،
توق ۋە ئاچ ، گاھى نامرات ، گاھى ئەلۋەك .
گاھىدا ئاچچىق ئەلەم شىددىتىدە ،
گاھىدا شادلىق بىلەن سوقتى يۈرەك .
ھاياتتىن ئىز قالدۇردى تالاي نەسىل ،
ھاياتلىق چەكلىك بولدى ھەر بىرىدە .
ئۆلمىدى ئۇلۇغ تۇپراق زامان - زامان ،
ئۆلمەسلىك قارار تاپقان تەغدىرىدە .
قارا تاغ — يانپاشلىغان قېرى جەڭچى ،
يۈزىدە تىلىم - تىلىم قىلىچ ئىزى .
تۈن كىرىپ ئۇمۇ ئاستا غۇۋالاشتى ،

ئۇيقۇغا چۆكتى سانسىز ئوغۇل - قىزى.
قارىيىپ تۇرغان يىراق ئۇپۇقلاردا،
دەممۇ - دەم ئالتۇن چاقماق يالتىرايدۇ.
تۈن ئارا ئۇلۇق كەلكۈن ئۈنى كېلەر،
تاغ سۈيى چوڭقۇر سايدا شارقىرايدۇ.
ھاۋشۇيدۇ ئىتلار يىراق - يېقىنلاردا —
ئۇخلىماس تۈننىڭ ئەنسىز قاراۋۇلى.
تۈن ئارا يەنە يورۇق كۈنگە قاراپ،
ئىلگىرلەر ئەگرى - توقاي ھايات يولى.
تولۇن ئاي كۆز چاقنىتىپ جىمىرلايدۇ،
ئۇيقۇلۇق تىرەكلەرنىڭ ئارقىسىدا.
يۇرت ئەھلى ئۇخلار كۆرۈپ گۈزەل چۈشلەر،
ئەتىكى ئويغىنىشنىڭ ھارپىسىدا...

1981 - يىل 7 - ئاي
ئاتۇش، ئاغۇ



## قۇش مىلتىقى كۆتەرگەن بالا...

— قۇشلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن!

ھاياتلىق شادلىقى يامرىغان مەۋسۇم،
قۇشلارنى باغرىغا چىللىدى دالا.
ۋە لېكىن ئۇلارغا سالدى ۋەھىمە،
قۇش ئاتار يەل مىلتىق كۆتەرگەن بالا.
بىمالال ئايلىنىپ ئۆكتەم، يۈگەنسىز،
قۇشلارنى قىردى ئۇ كېزىپ مەلىدە.
ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى قوزغىدى غەزەپ،
ئاقكۆڭۈل، پاك يۈرەك ئىنسان ئەھلىدە.
ئاڭا كار قىلمىدى تەنبىھ، ئەيىپلەش،
ھەممىنى رەت قىلدى قوپال، زوراۋان.
باغلارغا، قوراغا باستۇرۇپ كىرىپ،
قۇشلارنى ئۆلتۈردى، تۆكتى قىزىل قان.
ئاشۇ قۇش مىلتىقى كۆتەرگەن بالا،
گۇناھسىز قۇشلارغا بولدى بىر بالا!

بىر كۈنى ئۇۋ ئىزلەپ بىزنىڭ قوراغا
تاجاۋۇز ئەيلىدى بۇ ياش زوراۋان.
دۇنيادىن مۇڭ تۆكۈپ بىر غېرىپ كاككۇك
سۇۋادان شېخىدا سايرايتتى پىنھان.
كاككۇكقا ئوق ئۈزدى قۇش ملتىقىدىن،
ئۇ بالا مۆكۈنۈپ ئېلىپ شۇ ھامان.
كۆكلەمنىڭ بۇ دىلكەش، قەدىم ئەلچىسى —
پالاقلاپ چۈشتى - دە، بەردى دەرھال جان:
ئۇ ئۆلدى جىنايى بىر شۇم ئوق بىلەن،
دۇنيادا سەرگەردان قالدى قىساسى.
ئۇ ئۆلدى ۋەھشىلىك ۋە زورلۇق بىلەن،
ھاياتتىن مەڭگۈلۈك ئۆچتى ىىداسى.
قانچىلىك تۇيغۇلار بار ئىدى ئۇنىڭ —
ئىنسانغا خەيرىخاھ شۇ ساداسىدا.
ھايات ۋە دۇنيادىن بىرەتتى دېرەك
يىراقتىن ئاڭلىنىپ كەلگەن شۇ سادا.
بۇ سادا لىق تولۇپ ياش كۆڭۈللەرگە،
قوزغايتتى تەلپۈنۈش ۋە جۇشقۇن ئارزۇ.
بۇ سادا دولقۇنلۇق دىل دېڭىزىدا



قوزغايتتى ھاياجان، شادلىق ۋە قايغۇ.
بۇ سادا يۈرەكتە پەيدا قىلاتتى،
خىيالنىڭ كۆپ راۋان ئېقىنلىرىنى.
ئۇ كىمگە ئەسلىتىپ ئۆتمىگەن دەيسىز،
يۇرتىنى، تۇغقان ۋە يېقىنلىرىنى.
قېرىلار ئاڭلاپ بۇ تونۇش سادانى،
يوقاتقان ئۆمرىنى ئالغان يادىغا.
كۆز يېشى ئارىلاش كۈلۈمسىرەشكەن،
ئالتۇندەك ياشلىقى كېلىپ ئالدىغا...
پاناھسىز ۋە يۇمران قۇشنىڭ ئۆلۈمى
تۇتاشقان ئوت بولۇپ ئۆرتىدى دىلنى.
مەن چىداپ تۇرالماي چىقتىم ئېتىلىپ،
نەق مەيدان ئۈستىدە تۇتتۇم قاتىلنى.
ئېتىلىپ بوراندەك بىر غەزەپ بىلەن،
پاچاقلاپ تاشلىدىم شۇم مىلتىقىنى.
تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن قالدى ئۇ تېنەپ،
قازاندەك قاينىدىم ۋە سۆكتۈم ئۇنى:
— سەن ئىنسان دوستىنى ئەيلىدىڭ ھالاك،
قىلمىشىڭ نەپرەتلىك ۋە مەشئۇم غايەت.

بىلەمسەن ؟ سەن ئۆسكەن تەبىئەت ـــ ئاناڭ ،
سەن ئۈنىڭ ئالدىدا قىلدىڭ جىنايەت !
ئېيتقىنا ! بىلەمسەن سەن گۈزەللىكنى ،
پەقەت قان تۆكۈشمۇ سېنىڭ خىيالىڭ ؟
سەن سوتتىن مۇستەسنا بۇ ئىش تۈپەيلى ،
ۋە لېكىن ئويلاپ باق بولسا ۋىجدانىڭ !
قەدىمىڭ تەككەن جاي سېنىڭ بولامدۇ ،
سېنىڭلا مۈلكۈڭمۇ بۇ يورۇق دۇنيا ؟
ئايىقىڭ ئاستىدا بولامدۇ دائىم ،
دەل ـ دەرەخ ، ئۇچار قۇش ، گۈللەر ۋە گىيا ؟
بىلىپ قوي ، كۆكۈرۈپ تۇرغان دۇنيادا ،
قۇشلارنىڭ ياشاشقا تولۇق ھەققى بار .
كەڭ زېمىن سەن پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن ،
بولغاندۇر ئۇلارغا ۋەتەن ۋە دىيار .
مەقسىدىڭ نېمىدى بۇ قىلمىشىڭدا ،
كۆرسەتمەك بولدۇڭمۇ ياكى باتۇرلۇق ؟
بىلگىنكى ، ئۆلتۈرمەك بىر كىچىك جاننى
ئەل ئارا باتۇرلۇق سانالماس تولۇق .
مەقسىدىڭ ۋە ياكى بىر چىشلەم گۆشمۇ ،



ساڭا گۆش كەممىدى بۇ گۈلگۈن دۇنيادا ؟
سەن ئۈچۈن مىليون ـ مىليون تۇياق مال
يۈرمەمدۇ يايلاقتا پادا ۋە پادا ؟
يە كۆڭۈل ئاچماقنى قىلدىڭمۇ ھەۋەس ،
بولامدۇ شۇنداقمۇ قان تۆكەر ئويۇن ؟
نېمىشقا ئويناشنىڭ تىرىك جان بىلەن ،
گېپىمگە سال قۇلاق ، تولغىما بويۇن !
چۈشەنكى ، دۇنيانىڭ تولۇق ئوبرازى
تولمايدۇ يالغۇز سەن ئىنسان بىلەنلا .
بولىدۇ ئۇنىڭدا تاغلار ، دېڭىزلار ،
دەريالار ، ئورمانلار ، چۆللەر ۋە دالا .
قۇشلارنىڭ ساداسى ھاياتقا ھەمرا ،
ئۇلارمۇ ھەۋەسمەن ، جۇشقۇن ۋە ئويغاق .
ئۇلارسىز تەسەۋۋۇر قىلىنسا دۇنيا ،
بولاتتى قانچىلىك غېرىب ۋە سوغاق .
ئانىلار بالىنى ئويغاتقىنىدەك ،
زېمىننى ئويقۇدىن ئويغىتار شامال .
چۆللەردە يۈز بەرگەن قۇم كۆچكىنىدەك ،
دەريانىڭ مۇزلىرى قوزغىلار دەرھال .

ساداسى ياڭرايدۇ گۈلدۈرمامىنىڭ،
كۆكۈلۈك يامغۇرلار ياغار شارقىراپ.
تاغلار كۆلەڭگۈسىدەك سىلجىپ بۇلۇتلار
ئۆتۈشەر دۇنيانى يۇيۇپ ۋە تاراپ.
خىلمۇ - خىل قۇشلارنىڭ شاد چۇقانىدا،
سەن ھازىر ئۆلتۈرگەن كاككۇك ئۈنى بار.
كاككۇكلار كېلىدۇ دېڭىزلار ھالقىپ،
تۇغۇلغان يۇرتىنى قىلىپ ئىختىيار.
بۇ باھار ئوبرازى! بىلەمسەن نادان،
باھارلار بولغانمۇ قۇش ۋە گىياسىز؟
سەن قىرىپ ئۆلسەن، ئۇلار قالىدۇ،
ھاياتلىق بولمايدۇ ھەرگىز ئۇلارسىز!...
مەن راسا قايىنىدىم، ئۇ ياش گۇناھكار،
چۈشەندى ياكى ياق، بۇسى دەرگۇمان.
بۇ ۋەقە پۈتۈلدى بىر شېئىر بولۇپ،
شېئىرىمنى چۈشىنەر بەلكى كىتابخان!...

1983 - يىل 6 - ئاي
ئۈرۈمچى



## غەيرەتتە، ھەرىكەتتە ھاياتنىڭ سىرى...

يوقلۇقتا يۈزلەنگەن چاغدا تولۇن ئاي،
كۈنساناپ كىچىكلەپ بولىدۇ ھىلال.
يېڭى ئاي كۆرۈنەر ھىلال شەكلىدە،
كونا ئاي سارغىيىپ تاپقاندا زاۋال.
ھىلال ئاي —
ئەي، تۈنىنىڭ كونا ئەلچىسى،
ئاق شولا تۆكسەن چاقناپ زىننەتتە.
يۇلتۇزلار ئىچىدە سېنىڭ ماكانىڭ،
نامايان بولىسەن پەقەت زۇلمەتتە.
ئاق شولاڭ ئۇيقۇدا ياتقان دۇنيانى
ئورايدۇ تۈنلىرى ئاپئاق كېپەندەك.
كەڭ زېمىن مىسالى ھازىدار ئانا،
كۆرۈنەر ماتەملىك لىباس كىيگەندەك،
زۇلمەت تۈن —

ئۇمۇمى ئۇيقۇنىڭ ۋاقتى،
تۈلكىلەر ئوۋ ئوۋلاپ چىقىدۇ تۈنى.
تىمىسقاپ يۈرىدۇ ئويغاق ئوغرىلار،
ئۇيقۇلۇق ئۆيلەرنى بۇلايدۇ ئۇلار،
ئۆلۈك قەۋرىستانلاردىن،
خارابىلەردىن
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ ھۇقۇشنىڭ ئۈنى......
يۇلتۇزلار ئىچىدە سېنىڭ ماكانىڭ،
سانىڭمۇ بەك ئېنىق — پەقەت بىر تاللا.
لېكىن كەڭ كۆللەردە
ۋە ئېقىنلاردا،
ئەكسىڭدىن تۇغۇلار سانسىز ھىلاللار،
ماكانلاپ ئالىسەن بولۇپ مۇقەددەس،
تۇمانلار قاپلىغان كۆڭۈل كۆلىدە.
ياشانغان گۇدەكلەر ئىزدەيلەر سېنى،
ئورنۇڭ بار قەلبىنىڭ سەپى تۆرىدە.
مەنمۇ ھەم بىر زامان خۇش كۆرگەن سېنى،
گۇدەكلىك چاغلىرىم... قاراپ ئىزدەيلىك.



بەزلىگەن ئانامنىڭ ئەللىيى كەبى،
خىياللار قوزغىغان ئىدىڭ ھىممەتلىك.
مەن كۆيچى،
گۈزەللىك ئىزلىمەك كەسپىم،
گۈزەللىك ئىزلەيمەن
قوشقىم ئۈچۈن،
بەزەن كېچىلەردىن، بەزەن كۈندۈزدىن.
تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ شېئىرلار مەندە،
بەزىدە سەندىنمۇ، بەزەن يۇلتۇزدىن.
سەن جىلۋە قىلغاندىك تەسەۋۋۇرۇمدا،
يېشىل سۇۋادانلار ئىچىدە چاقناپ.
شۇنداق چاغ، ئارزۇدەك گۈزەل كۆرۈنۈش
كېتەتتى قەلبىمدە روشەن چاراقلاپ.
لېكىن بۇ ئارزۇنىڭ ئالتۇن جىلۋىسى،
ئۆمرۈمدە ماڭا ھېچ بولمىدى نىسىپ.
بەرمىدى سۇرىتىڭ مۇنداق گۈزەللىك،
شېئىرلار يازمىدىم مارجاندەك تىزىپ.
سېنىڭدىن ئالغىنىم بولدى مىسكىنلىك،

غازاڭدەك ئىترىگەن ئاجىز بىر تۇيغۇ.
رەنجىسەم، كۆڭلۈمگە بەردىڭ تەسەللى،
ۋە ئويغاق كۆزۈمگە ئەۋەتتىڭ ئۇيقۇ.
بەرگىنىڭ پەقەت شۇ!
سوۋىدىم سەندىن،
تۇرمايدۇ ھېسلىرىم قايناپ ۋە تېشىپ.
ئۇتۇمنى ئۆچۈردۈڭ مۇزدەك يالتىراپ،
يارتتىم مەن ئازار،
بولدۇم كۆپ بىزار،
چۈنكى سەن ھەددىڭدىن كەتتىڭ بەك ئېشىپ.
سەن ئاسمان گۈمبىزىدە ئېدىڭ بىر تاللا،
كۆپەيدىڭ توساتتىن بولۇپ ساناقسىز.
كۆڭۈل زۇلمىتىنى ئالدى سېنىڭدىن،
غەپلەتكە يۈزلىنىپ سانسىز ئوغۇل - قىز.
چارچىغان ھېسلىرىم قىلدىمۇ جىلۋە؟
ۋە ياكى كۆز گىنىتم ئەمەسمۇ خاتا؟
سەن زۇلمەت قوينىدىن كۆچۈپ يورۇققا،
ئەتراپىنى قاپلىدىڭ كۈندۈزى ھەتتا.



بۇ قانداق غەلىتە، ئەجەپ ھادىسە؟
كۈندۈزى بىز قاچان سېنى ئۇچراتقان؟
كىملەر ئۇ سېنىڭدىن تىلىگەن مەدەت،
كىملەر ئۇ قەستەنگە سېنى قۇتراتقان؟
يېگىچە مۇددىئا بولدىمۇ ساڭا،
— كۈندۈزى ئەللەيلەش،
يەنە ئوخلىتىش؟
ئۇيقۇ دورىسىدەك ئاستا زەھەرلەپ،
ئادەمنى تەدرىجىي زەخمىناك ئېتىش؟...
يەتمەمدۇ تۈنلىرى ئۇخلاتقانلىرىڭ،
ئۇيقۇدا قويغۇنۇڭ ئەسىر - ئەسىرلەپ؟
كەتكەنلەر ئازمىدى نادامەت بىلەن،
ئۇيقۇدىن ئۆلۈمگە قاراپ يىر - يىرلەپ؟
سەن كۆرۈن
ئۆز ئورنۇڭ ۋە ۋاقتىڭ بىلەن،
كۈندۈزى كۆرىنىپ قالما بىزنى لال.
تېگىرقاپ قالامدۇ ئىنسان بالىلىرى،
كېچىسى قۇياش چىقسا،

كۈندۈزى ھىلال ؟
ھەسەلنى كۆپ يېسە تېتىيدۇ ئەمەن،
بۇ سۆزنى باپ ئېيتقان بوۋىلار راسا.
سەن چوڭسەن،
مەن كىچىك،
ئەمەستۇر ئىشىم،
مەيلى سەن زاۋال تاپ ۋە مەيلى ياشا.
لېكىن بىل!
كۈندۈزدۈر تېرىكلىك پەيتى،
غەيرەتتە،
ھەرىكەتتە
ھاياتنىڭ سىرى.
بىز ئۈچۈن لازىمى — ئويغاقلىق، ئەقىل،
يورۇقلۇق ۋە ھايات ئىلكىدە بولسۇن،
سۆيۈملۈك ئەۋلادنىڭ يېڭى تەقدىرى !...

1983 - يىل 9 - ئاي
ئۈرۈمچى



## سەن - بۈركۈت ئۇۋسى،
## سەن - ئالتۇن بۆشۈك ...

— بۇ شېئىرىمنى ئانا مەكتىپىم — ئاتۇش
1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بېغىشلايمەن.

نېمىشقا كۆزۈمگە ئىسسىق ياش كەلدى،
نېمىشقا جىسمىمدا دولقۇن ئۇردى قان ؟
گويا گۈلدۈرماما
گۈلدۈرلىگەندەك،
زېمىننى تىترەتكەن كەبى چاقماقلار،
نېمىشقا چاقماقنىڭ ئالتۇن ئوتىدەك،
قەلبىمنى زىل - زىلىگە سالدى ھاياجان ؟
بۇ ئەجەب ئەمەس،
ئالدىراپ يۈرگەندە ئۆز ئىشىم بىلەن،
ئەۋەتكەن خېتىڭنى ئالدىم تاپشۇرۇپ،

ئەي، ئانا مەكتىپىم، ئەزىز جانىجان...

* *

ئۆتۈپتۇ ئوتتۇز يىل،
ھەش - پەش دېگۈچە،
سەن يورۇق دۇنيادا تىكلىگەنگە قەد،
ئۇنتۇپ قالمىدىم مەن سېنى پەقەت.
ئۆتتى ئوتتۇز يىل،
ئۆتتى ئۇ دەريادەك دولقۇنلۇق يىللار،
تارىخقا مۇناسىپ بولغان بىر زامان.
قانداقچە ئۆزگەرسۇن مەيلى تەقدىرىم،
مەكتىپىم، سەن مېنىڭ ئېسىمدە ھامان!

ئېسىمدە تۇرىدۇ تۇنۇگۈنكىدەك،
مېھرىبان قوينۇڭدا ئۆتكەن ئۇ يىللار...
بىز يېڭى بىنخلانغان سەندە نوتىدەك،
ئىدۇق كۆپ گۆدەك،
بىلىمگە، ساۋاتقا بولغاندۇق تەشنا،



ئوقۇغان سەندە،
بالىلىق دەۋرىمىزنىڭ ئەڭ يۇمران چېغى —
ئالتۇن چېغىمىز،
ئۇ چاغلار دولقۇنلۇق تەغدىرىمىزگە
بوراندەك باستۇرۇپ كەلمىگەن تېخى،
ئەجدىھا ئاغزىدىن پۇر كەلگەن ئوتتەك
زېمىننى قاپلىغان ئوتلۇق ئۇپقۇنلار.

ئېسىمدە،
ئىقبالغا بولغان ئىنتىلىش،
ئارزۇ ۋە ئۈمىدلەر، گۈزەل تۇيغۇلار.
ئۇ جۇشقۇن تۇيغۇلار ئىدى كۆپ يۈكسەك،
ئانا يۇرتىمىزنىڭ توپىسى بىلەن،
ئۆزىمىز بىر - بىرلەپ قويغانىدۇق كېسەك،
ئېسىمدە ئازادە سىنىپلىرىمىز،
سايلىقتا يېگىدىن سىلىنغان ئۇلار.
سىر پۇراپ تۇراتتى يېڭى پارتىدىن،
دوسكىغا تىكىلگەن چاقنىغان كۆزلەر،
ھەر جۈپ كۆز مىسالى ئۈمىد يۇلتۇزى.

سائەتلەر كەينىدىن ئۆتۈپ سائەتلەر،
يېڭى دەرس بولاتتى ھەر بىر كۈندۈزى،
يەتتىلا سىنىپقا جەم بولار ئىدۇق،
كۈمۈش رەڭ يۇلتۇزلار چاقنىغان ئاخشام.
ئېسىمدە تۇرىدۇ،
ئۇ چاغلار تېخى،
كەچلىك مۇزاكىرىدە ۋە ياتاقلاردا،
لامپىلار ياقاتتۇق، ياندۇراتتۇق شام.
ماتا چاپانلاردا قىزىل گالستۇك،
مەش دەسسەپ ئۆتەتتۇق،
ئاخشىمىز ياڭراق.
ئاھ، ئۇ چاغ،
باھاردەك بىر مەزگىل ئىدى،
يېڭىدىن جانلىنىش ۋە كۆكلەش دەۋرى،
يېپيېڭى، توق قىزىل رەڭ ئالغان ئىدى،
مەرىپەت ئەۋلادى كۆتۈرگەن بايراق.

ئېسىمدە ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىمىز —
مىللەتنىڭ ئەڭ ئىلغار، ئويغاق ئەۋلادى.



ئۇلارنىڭ ئاپتاپتەك ئىللىق چىرايى،
مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ زادى.
ھە، ئۇلار،
ئوزۇقلۇق ۋە ئاپتاپ بولۇپ،
ھەر بىر تال نوتىغا بېغىشلايتتى جان.
ھە، ئۇلار،
تەلەپچان، قاتتىق قول ئىدى،
ۋە لېكىن ئاتىدەك غەمخور، مېھرىبان.
ئۇلارنىڭ ھاياتىي تەغدىرى كېيىن،
خەلقىدىن بولمىدى ھەرگىز باشقىچە.
مېھنىتى زور بولدى ۋە ئەجرى شانلىق،
دەرتنىمۇ تارتىشتى يېتىپ ئاشقىچە.
ئۇچرىشىپ قالغاندا بىز ساۋاقداشلار،
بولارنى سۆزلىشىپ قالىمىز پات ـ پات...
بىز دەيمىز:
ئۇلارنىڭ ئۆلمەس ئاۋازى
ئەسىرلەپ ـ ئەسىرلەپ بېرىدۇ سادا.
ئۇلارنىڭ مېھنىتى مەڭگۈ قالىدۇ،
تارىخنىڭ ئالتۇن رەڭ قۇرلىرى ئارا!

ئەي، ئانا مەكتىپىم،
ئەي نۇرلۇق چىراغ،
سەن مەشئەل مىسالى ئوت ئېلىپ چاقناپ،
بولدۇڭ يورۇتقۇچى،
ۋە ئىللىتقۇچى،
زېمىستان سوغۇقنى ھەيدىگەن ئاپتاپ،
ھەم قىلدىڭ كۆڭۈلنى زۇلمەتتىن يىراق.
ئاھ، كۆڭۈل زۇلمىتى!
ئەجەللىك زۇلمەت...
خەلقىم ئاز تارتمىغان ئۇنىڭ دەردىنى.
زامانىنىڭ ھاياتىي چۈشەنچىلىرى:
بىرلىك ۋە ئىتتىپاق،
ۋەتەن ۋە مىللەت،
ئويغىنىش، ئىلغارلىق، پەن ـ مەدەنىيەت،
ئەسىرلەپ ـ ئەسىرلەپ يات بولدى بىزگە
زۇلمەتنىڭ ئىلكىدە قويدۇق ھەممىنى.
ئەي ئانا مەكتىپىم،
ئەي، ئىللىق ئۇۋام،



مىسالى سەن بۈر كۆت ئۇۋىسى بولدۇڭ،
بۈر كۆتلەر ماكانى بولغان شۇ يۇرتتا.
سەندە ئۇچۇم بولدى سانسىز شۇڭقارلار،
ئۇلارنىڭ پەرۋازدا ئۇرغان قاناتى،
ئاسمانغا گۈلخاننىڭ رەڭگىنى بېرىپ،
يالتىراپ تۇرىدۇ روشەن ئۇپۇقتا.
ئەي، ئانا مەكتىپىم،
ئەي، ئالتۇن بۆشۈك،
ئانامنىڭ ھىندى بار ئانا بۆشۈگۈم،
دۇنياغا تۆرەلدىم قايتا كۆز ئېچىپ،
يېڭىچە ئاڭ تاپتىم ۋە ئالدىم بىلىم.
ئەرزىيدۇ تەبرىكلەپ قىلساڭ تەنتەنە.
ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدى سەندە،
چىراغ بول،
ئۇۋا بول،
بۆشۈك بول يەنە!
چوڭايسۇن كۆز ئېچىپ يەنە باغرىڭدا
بۇ قەدىم خەلقنىڭ ئوغۇل ۋە قىزى.
بارغانچە چوڭىيىپ كەتمىسۇن بېسىپ،

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يېڭى گۇمبىزى.
ئەۋلادنى ئاسرىغىن،
بولغىن باشپانا!
ھە، ئۇلار يەنە،
خۇراپات ئىلكىدە قالمىسۇن نادان.
نادانلىق ئۆلۈمدىن بېرىدۇ دېرەك،
بىز ئۈچۈن ئىلىم ۋە ھاياتلىق كېرەك،
بۈگۈنكى دۇنيادا
پەقەت بىردىن بىر —
سېنىڭ مەرىپەتلىك ئىللىق باغرىڭلا
ئىز باسقان نەسلگە بېرەلەيدۇ جان!...

* *

سەن — بۈركۈت ئۇۋىسى،
سەن — ئالتۇن بۆشۈك!...

1983 — يىل 10 — ئاي
ئۈرۈمچى.

# قوياشتىن ـ قوياشقا...

مەن سېنى قوتلايمەن ئەي ئانا خەلق،
تاتارغان يۈزۈڭگە يۈگرەپ قالدى قان.
ئانىسى ساقايسا ئۇزاق كېسەلدىن،
شادلانماس گۆدەكتەك قايسى بىر ئوغلان؟
ئەقلىنىڭ قوياشى ئىللىتتى سېنى،
ماغدۇر سىز جىسمىڭغا بەردى قايتا جان.
قامەتلىك قەددىڭنى تىكلەپ زېمىندە،
يۈزلەندىڭ ئۆتىڭغا سەن — ئۇلۇغ ئىنسان.

تەلپۈندىڭ كەڭ ئېچىپ قۇچاقلىرىڭنى،
ۋە سالدىڭ بورانەك قۇدرەتلىك چۇقان:
ئەي قوياش، بىز ئۇزاق ئىزلىدۇق سېنى،
تەمتىرەپ، يىقىلىپ يۈرۈپ كۆپ زامان.
سېرىقتال كۆلەردە ئىزلىدۇق سېنى،

قەھرىتان تۈنلەردە ئىزلىدۇق سېنى،
پىتىلگەن بوۋاقتەك تۇغۇلدۇڭ مانا،
ھاياتلىق يولىغا نۇر چاچتىڭ بۇ ئان!...

بۇ مېنىڭ خىيالچان قاراشلىرىمدا،
شۇڭقارغا ئايلاندىڭ، پەيدا بولدى پەر.
پىتىلدى جىسمىڭدا غايەت چوڭ قانات،
يېيىلدى تاغلاردىن تاغلارغا قەدەر.
بۇ قانات تەۋرەندى قۇياش ئاستىدا،
قۇياش ۋە قاناتتىن پۈتتى بىر ئەسەر.
قاناتنىڭ ئۇلۇغۋار تەۋرىنىشىدە،
ھاياتلىق ئويغاندى، ياشناپ كەتتى يەر...

چاقماقتەك يالت قىلىپ ئۆتتى ئالدىمدىن،
قۇياش ۋە ئىنساننىڭ تەقدىرداشلىقى...
تەبىئەت قۇياشى ئاستىدا ئۆتكەن،
ئىنساننىڭ ئۇزاقتا قالغان ياشلىقى.
تايانغان قۇياشنىڭ نېمەتلىرىگە،



ئۇ زامان تەبىئەت ئىدى كۆپ سېخى.
تەييارنى يېيىشكە ئۆگەنگەن ئىنسان،
ئورماندا، ئۆڭكۈردە ياشىغان چېغى...

ئىنسانلار كۆپەيدى، نېمەت ئازايدى،
قۇتقۇزدى ئىنساننى يوقنى بار قىلىش.
ئۇ ئۆزى ياراتتى، تاپقۇزدى كامال،
مېھنەتكە، ئەقىلگە بولغان ئىنتىلىش.
ئۆزىنىڭ قۇياشىنى ياراتتى ئىنسان،
بۇ قۇياش ئۇلغىيىپ باردى يازۇ ـ قىش.
ئۇ — ئەقىل قۇياشى ئىدى چاقنىغان،
نۇر ئالدى ئۇنىڭدىن ھايات ۋە چېلىش...

ئۇ تارتتى ئىنساننىڭ كارۋانلىرىنى،
ئۇ كىمدە كۆپ بولدى، شۇ تاپتى روناق.
بۇ دۇنيا ئەقىلنىڭ دۇنياسى بولدى،
ئەقىلدىن تۆرەلدى غەيرەت، ئىشتىياق.
ئەقىلنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى تامامەن،

ياشىماق، گۈللىمەك ياكى يوقالماق.
مانا سەن شۇ قوياش نۇرى ئالدىدا،
نۇرىسەن شادلىنىپ، يېيىپ كەڭ قۇچاق...

* *

ئەي خەلقىم، قەلبىمدىن قۇتلايمەن سېنى،
بۇ ئەقىل قۇياشى يار بولسۇن ساڭا.
قاناتىڭ يېيىلدى، ئەيلىگىن پەرۋاز،
بۇ زېمىن، بۇ دۇنيا يار بولسۇن ساڭا!...

1983 - يىل 11 - ئاي
ئۈرۈمچى.



# ئاق يېغىن، كەلكۈن ۋە ئۈمىد...

بىلىپ بولماس تەسادىپلار ئىلكىدە،
ئۆزگىرىدۇ ئىنسانلارنىڭ تەغدىرى.
مەندە خىيال ۋە پىكىرلەر قوزغايدۇ،
دۇنيادىكى قىسمەتلەرنىڭ ھەربىرى.
كەچمىشلەرنى كېزىپ چىقار خىيالىم،
مەن ئويلايمەن تارىخنى ۋە ئىنساننى.
ئۇندا ئۈمىد قۇدرىتىنى كۆرىمەن،
ئۈمىد ئالغا يېتەكلەيدۇ ھەر جاننى.
ئۈمىد ئىنسان ھاياتىغا قۇياشتەك
بېغىشلايدۇ گۈزەل ئىلھام، روھ ۋە جان.
ئۈمىدنىڭ زور قۇتقازغۇچى قۇدرىتى،
مېنى ھەيران قالدۇرىدۇ ھەر قاچان.
گۇدەك چېغىم... بازار بولغان بىر كۈنى،
كۆلرەك بۇلۇت قاپلىۋالدى ئاسماننى.
كۈز شامىلى ئېلىپ كەلدى ئاق يېغىن،
سوغۇق نەملىك ئوراپ ئالدى ھەرياننى.

ئەنسىز تۇيغۇ ئەزدى سەبى قەلبىمنى،
غەمكىن باقتىم تۇتەك باسقان تاغلارغا.
يامغۇر چۈشەر ئىدى ئاپئاق تور تارتىپ،
كەچكە يېقىن كەلكۈن كەلدى سايلارغا.
ساي بويىدا ئىدى بىزنىڭ ئۆيىمىز،
ئارقىمىزدا ئىدى ئېتىز، كۆك دالا.
ئاساۋ كەلكۈن چوڭقۇر سايدا گۈلدۈرلەپ،
ۋەھىمىدە قويدى بىزنى تۈن ئارا.
تۇمانلىق تاڭ كەلگەن چاغدا ئاقىرىپ،
يۈگرەپ چىقتىم ئۆيدىن، باقتىم ئۇزاققا.
لايقا كەلكۈن پامراپ ئەزىم دەريادەك
ئۇرۇلاتتى قىرغاقلاردىن ـ قىرغاققا.
ساغۇچ سۇلار ئۆر كەشلەيتتى يۈگەنسىز،
ۋە تۇيۇقسىز... قالدىم شۇنى مەن كۆرۈپ:
بىر توپ ئادەم كەلكۈن ئەۋجى ئىچىدە
قورام تاشتا تۇرار ئىدى شۈمشىيىپ...
بازاردىن كەچ ياندىغان بىر توپ يولۇچى
قالغاندى كەگرى سايىنىڭ ئىچىدە.
ئۇلار مۆلچەر قىلالماپتۇ كەلكۈننى،
تۈنەك باسقان تۈم قاراڭغۇ كېچىدە.



ئۆگزە بويى ئۆر كەشلەيتتى يامان سۇ،
سايمۇ كەگرى، يىراق ئىدى قىرغاقلار.
بولمىغاندا شۇ ئېگىز رەك قورام تاش،
ئۇلار غەرق بولار ئىدى بىراقلا.
ئاللا ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى مەلىدە،
ساي بويىغا نۇرغۇن ئادەم توپلاندى.
ۋارقىراشتى ـ جارقىراشتى ئادەملەر،
قۇتقۇزماقنىڭ يوللىرىنى ئويلاندى.
ئۇلغايماقتا ئىدى كەلكۈن ئەجەللىك،
قۇتقۇزۇشقا تېپىلمىدى ھېچ ئامال.
بىر توپ ئادەم قورام تاشتا تۇراتتى،
ئۆز ئۆلۈمى قارشىدا بولۇپ لال...
ئەي بەختسىز ۋە بىچارە ئادەملەر،
ئاچ ۋە زېرىن، ياردەمچىسىز، پاناسىز!...
خۇددى قاسساپ پۇت ـ قولىنى بوغۇشلاپ
پىچاق سۇرەي دېگەن مالدەك ئامالسىز.
قەھرىمانلار چىقتى تەنھا ئاخىرى،
يامراپ كەلگەن دولقۇنلارغا ئات سالدى.
ئۇلار ئاجىز، كەلكۈن ئىدى يالماۋۇز،

يالماپ كەتتى ... ئۇ ئۇغلانلار يوقالدى !
غايىپ بولغان يازغا ھازا تۇتقاندەك ،
ئاق يېغىنمۇ توختىمىدى ھەپتىلەپ .
ئاسمان كەبى ياش تۆكەتتى ئادەملەر ،
بۇ نىجاتسىز قىرغاقلاردا تەمتىرەپ .
ئالغانىدى قورام تاشنا قالغانلار ،
ئاغامچىدا بىر - بىرىنى چىڭ باغلاپ .
ئۇلتۇراتتى بىر توپ بولۇپ كەپتەردەك ،
ئاياللىرى باللىرىنى قۇچاقلاپ ...
يېغىن توختاپ ، تاشقان سېرىق ئاپەتمۇ
قەدىم سايدا ئېقىپ پۈتتى ئاخىرى .
بىز خالايىق قېتىق ۋە نان كۆتۈرۈپ
يۈگرەپ كىردۇق يول ئېچىلغان ساي سىرى .
بىز كۆردۇقكى ، ھايات ئىدى تېخىچە ،
قورام تاشنا پاناھلانغان توپ ئىنسان .
لايقا سۇنى سۈزۈپ ئىچىپ ، جىگدە يەپ ،
كەلكۈن ئارا ساقلاپ قالغان ئىدى جان .
ئۇلار ئۇزۇق ئالالىشمىغان ئۈچ يەردە ،
ئۆيگە ئالغان بازارلىقنى نەق يېگەن .
بىر - بىرىنى ئىشىتىرمىگەن كەلكۈنكە ،
چىڭ ئۇيۇشقان ئۆملۈكتە دەپ كۈچ دېگەن .
ئېگىز بويلۇق بىر مالچىغا يېپىشتىم ،
قانداق ئامان قالدىڭلار ؟ دەپ مەن سوراپ .
ئۇ ئېيتتىكى ، بۇ سايلاردا ئەي بالام ،
مۇنداق كەلكۈن ئاققانىدى قانچىلاپ .
ئېقىپ ئۆتكەن ئالاي لايقا ئېقىنلار ،
لېكىن باقى بولالمىغان قىلمىشى .
ئۇلار ئېقىپ پۈتكەن لېكىن ساي قالغان ،
شۇنداق قىلغان ئاي - كۈنلەرنىڭ سىلجىشى .
ئاجىزلىقتا قالغان چاغدا ئىنسانلار ،
كەلمىش كۈندىن ئۈمىد كۈتەر سەۋرچان .
بۈگۈندىمۇ يامان كۈندە قالغان بىز ،
ئەمما ئۆلۈپ تۈگىمىگەن ھېچقاچان ! ...
دېدى مالچى سىلاپ تۇرۇپ بېشىمنى ،
تامچە يېشى ئېقىپ چۈشتى مەگزىمگە .
ئۇنىڭ ئۈمىد توغرىسىدا ئېيتقىنى ،
شۇندىن بېرى ئورناپ قالدى قەلبىمگە ...

1986 - يىل 8 - ئاي
كورلا .

# ياشلىق تاشقىنى...

سەن باھارنىڭ تاشقىنىنى كۆرگەنمۇ ؟
ئۇچاغ دەريا ئۆز قىنىدا ئاقمايدۇ.
خۇددى شۇنداق، ياشلىقتىكى جۇشقۇن قان
ئۇرغۇپ ئۇرۇپ تومۇرلارغا پاتمايدۇ.
ياشلىق كۈچى تېپىپ ھامان تېشىغا،
باش باھارنىڭ ئەگىزىدەك يامرايدۇ.
ياش ھاياتنىڭ تاشقىن روھىي قۇدرىتى
دولقۇنلايدۇ، ئۇپقۇنلاردا قاينايدۇ.
ئاھ، نېمىلەر بولماس دەيسەن نامايان،
ئۆركەشلىگەن بۇ دولقۇنلار ئەۋجىدە!
يالتىرايدۇ ھاياجانلىق ھەۋەسلەر،
دولقۇنلارنىڭ تاڭ نۇرىدەك مەۋجىدە...
مەن ئۇچراتتىم ئۇزۇن يوللۇق بېكەتتە،



قونالغۇغا چۈشكەن بىر توپ ياشلارنى.
ئۇلار سورۇن تۈزگەن ئىدى ئۇسسۇلغا،
چېلىپ داسنى، تەڭكەش قىلىپ تاشلارنى.
ئىككى يىگىت ئوتتۇرىدا ئوينايتتى،
ئېگىز بويلۇق كەلگەن قاۋۇل ئىككى ياش.
قوڭۇر رەڭدە ئىدى كۆزى، چاچلىرى،
يوغان كۆزلۈك، قىرلىق بۇرۇن، قويۇق قاش.
ھەرىكەتلىرى ئىدى ئويناق رىتىملىق،
شەكىللىرى ئەركىن، راۋان ۋە سەبى.
ئاياغلىرى يەر تېپەتتى بەزىدە،
قۇترىغاندەك ياۋايى ۋە ئەسەبىي.
توسۇن تايدەك تېپچەكلەيتتى، سەكرەيتتى،
قول - پۇتلىرى ماس ھەرىكەتتە بولۇپ تېز.
ئايلىناتتى، پىرقىرايتتى ياز كۈنى —
چۆلدە قويۇن قوزغالغاندەك تويۇقسىز.
پىرقىرىتىپ قويدى مېنىڭ بېشىمنى،
بىر رەت ئۇلار بەكمۇ ئۇزۇن پىرقىراپ.
كۆز ئالدىمدا ھەممە نەرسە ئايلاندى،
قارلىق تاغنى كۆردۈم بىردىن مەن قاراپ.

تاغنىڭ باغرى ئوتلاق ئىدى ياپيېشىل،
گۈل - چېچەككە تولۇپ كەتكەن ھەممە ياق.
ئۇندا ئوتلاپ يۈرەر ئىدى ئىككى ئات،
بىرى چىلان تورۇق رەڭلىك، بىرى ئاق.
بىر توپ كەكلىك يورغۇلۇشۇپ يۈرەتتى،
خادا تاشنىڭ ئارقىسىدا، چاتقالدا.
تاش ئالدىدا ئىككى يىگىت تۇراتتى،
بىر - بىرىگە تىغ تەڭلىگەن ئەھۋالدا.
ئۇلار كىيىپ ئالغانىدى كۆك ساۋۇت
ۋە قالپاققا ئوخشايدىغان دۇبۇلغا.
يالىڭاچلاپ ئېلىپ ئەگرى قىلىچنى
ئۇزىتىشىپ تۇرار ئىدى ئۇدۇلغا.
تاغ باغرىدا قىلىچۋازلىق قىلاتتى،
ئېگىز بويلۇق كەلگەن قاۋۇل ئىككى ياش.
قوڭۇر رەڭدە ئىدى كۆزى، چاچلىرى،
يوغان كۆزلۈك، قىرلىق بۇرۇن، قويۇق قاش.
ئۇلار قىلىچ ئۇرۇشاتتى شىددەتلىك،
ئىزلەپ يۈرگەن رەقىبىنى تاپقاندەك.



ھەرىكەتلىرى چاققانىدى ئۇلارنىڭ،
ئېتىلاتتى بىر - بىرىگە قاپلاندەك.
تىرەجىشىپ قالسا بەزەن چېكىنىپ،
پۇرسەت كۈتۈپ قۇۋ تۈلكىدەك پايلايتتى.
ئۇرۇشمۇ، توسۇشمۇ قىلىچنى
قارىغاندا، بىر - بىرىدىن قالمايتتى.
يۈز - كۆزلىرى كەتكەن ئىدى قىزىرىپ —
ئوتقاش كەبى، ياشلىق تاشقان بۇ ئىشتا.
ھەرىكەتلىرى ئۆزگىرەتتى تېز - تېزلا،
قۇياش نۇرى يۈگۈرگەندەك قىلىچتا.
ئۇلار يەنە تىرەجەشتى، قىلىچلار —
ئاجرالمىدى قالغان كەبى چاپلىشىپ.
پىرقىراشتى، يەنە مېنىڭ ئالدىمدا —
ئۇسسۇلچىغا قالدى ئۇلار ئالمىشىپ.
گۈپۈلدەشتىن تىنجىپ قالدى ئاخىرى،
ئۆلۈك توپا ئۆرلەپ تۇرغان قاقاس يەر.
خۇشال چوقان كۆتۈرۈشتى ئەتراپتا،
بۇ بېلەتسىز شوخ نومۇرنى كۆرگەنلەر.

قاھ ـ قاھلىشىپ كۆلدى ئىككى ئۇسسۇلچى
ئۇرۇپ قويۇپ بىر ـ بىرىنىڭ دولىغا.
گاڭگىرىغان، تېنەپ قالغان خىيالىم
كەتتى يەنە يېشىل تاغنىڭ بويىغا.
پىرقىراشتا مەن ئايلىنىپ قۇيۇندەك،
يېتىپ باردىم دەريا كېچىپ، تاغ ئاتلاپ.
ئۇلار توختاپ قاپتۇ قانلىق ئويۇندىن،
كۆلۈشەتتى خۇشال ـ خورام قاھ ـ قاھلاپ...
بۇ كۆلكىدىن چۆچۈپ كەتكەن كەكلىكلەر،
ئۇچۇپ كەتتى خادا تاشتىن يىراققا.
چىلان تورۇق كىشنەپ قويۇپ دوستانە،
قاراپ قويدى ئوت يەۋاتقان ئاق ئاتقا...

1986 ـ يىل 8 ـ ئاي
كورلا.



# كەپتەرۋاز

تاڭ ئاسمىنى يۇيۇلغاندا يورۇقتا،
ئالتۇن جىبەك چاقنىغاندا ئۇپۇقتا،
كەپتەر توپى ئۇچار كۆكنىڭ قەھرىدە،
يايراپ ـ ياشناپ تاڭنىڭ سۈزۈك بەھرىدە.
ئۇچۇشلىرى ئەركىن شۇنداق ئۇلارنىڭ،
ھۆر مېھمىنى بۇلار گۈزەل نۇرلارنىڭ.
تىنىق كۆكتە ئۇچار ئۇلار قانغىچە،
پەرۋاز قىلار ئەتىگەندىن شامغىچە.
پەرۋازىدا ئۆتەر ئۆيلەر قاتارى،
ئاق تېرەكلەر، مىچىتلەرنىڭ مۇنارى.
مەن كۆرگەنمەن، قانچە ـ قانچە كەپتەرۋاز
شاد بولىدۇ كەپتەرلىرى ئۇچسا ساز.
ئۇچماي قالغان كەپتەرلەرنى قوغلايدۇ،
چالما ئېتىپ، قىقاس سېلىپ توۋلايدۇ.

ئۆگزىلەردىن ئۆگزىلەرگە ئاتلايدۇ،
ياخشى ئۇچقان كەپتەرنى ماختايدۇ.
شۇ ماختاشتا ئايان كۆڭۈل ئىزھارى،
دېمەك، قانار ئۇچۇشلاردا خۇمارى.
مېنىڭ قوشنام — قېرى، كونا كەپتەرۋاز،
كەپتەرۋازنىڭ مۇنداقلىرى بەكمۇ ئاز.
كەپتەرنى ئۇچارمايدۇ ژۇگزىلاپ،
يۈرسۇن دەيدۇ ھويلىسىدا پورغىلاپ.
چۈشۈرمەيمەن دەيدۇ ئۆزگە قىلتاققا،
قورقار ئۇچسا كەپتەرلىرى يىراققا.
كەپتەرلەرگە ئىشەنمەيدۇ ئۇ ئۆزى،
ھويلىسىغا قۇلۇپ سالار كۈندۈزى.
چۈنكى ئۆزى تۇتقان كۆپلەپ ئۇلارنى،
قىلتاق قىلىپ ئۆتكەن ئايۇ - يىللارنى.
شۇڭا تۇتقۇن كەپتەرلەردىن ئەنسىرەپ،
نازارەتنى كۈچەيتىدۇ ھەسسىلەپ.
بىرەر كەپتەر ئۇچماق بولسا ئازراقلا،
قاناتىنى كېسىپ تاشلار بىراقلا.



نەزەر سېلىپ پەي چىقارغان كەپتەرگە.
ئاداشماستىن يېزىپ قويار دەپتەرگە.
شۇڭا يوقاپ كەپتەرلەرنىڭ پەرۋازى،
يىغلىغاندەك بۇقۇلدايدۇ ئاۋازى.
بۇ كەپتەرۋاز توغرىسىدا ئويلىدىم،
ئويلا - ئويلا ئۇندا گۇناھ قويمىدىم...
كەپتەرلەرنىڭ ئۆزى ئىدى گۇناھكار،
كەپتەرۋازنىڭ ھويلىسىدا نېمە بار؟
كىم ئۇلارنى چۈشسۇن دەپتۇ قىلتاققا،
تۆت تال داننى چېچىپ قويغان تۇزاققا؟...

1986 - يىل 21 - ئاي
كورلا.

## مەن — نېمە ؟

سەن ئېيتقىنا، مەن ساداقمۇ يا ئوقمۇ ؟
كۆز ئالدىڭدا مەن ئىنسانمۇ يا روھمۇ ؟
مېنى ئۇقماي - بىلمەي تۇرۇپ سۆزلىمە،
بىلەلمەسەن - بىلەلمەسەن — مەن نېمە ؟

I

تاغ يۈكسەلگەن كۆك ئاسماندا تىكلەپ باش،
قۇياش بىلەن سۆھبەت قۇرار خادا تاش.
خادا تاشنىڭ تىك باغرىدا — كاۋاكتا
قىران بۈركۈت سادا بېرىپ ياتماقتا.
ئۇندا ئۇنىڭ ئۇلغايماقتا ھاياتى،
تېخى يۇمران، يېتىلمىگەن قاناتى.
ئۇ ئاسماندا بورانغا ئۈن قاتىدۇ،
تۈمەن ياشلىق بۈركۈت ئۇنى باقىدۇ.
ئۈنى كېلەر، كۆرەلمەيسەن سەن ئۇنى،



ئۇ ئۆسمەكتە كۈتۈپ ئۇچۇش پەيتىنى.
چۈشمەيدۇ ئۇ تۈلكىلەرنىڭ دامىغا،
كۆز تاشلايدۇ خادا تاشتىن ۋادىغا.
ئاتقان ئوقلار قىلالمايدۇ ئۇنى يوق،
خادا تاشقا تېگىپ قايتار ئاتقان ئوق.
تاغ جاراڭلار ئۇ ئۈن بەرگەن شۇ پەيتتە،
قاغا ئاڭلاپ قارىدايدۇ ھەسەتتە.
قەدىم تاغلار — ئۇنىڭ ئۆسەر دۇنياسى،
مەن — ئۇنىڭكى يوقالمىغان ساداسى...

II

قارايغاندا ئاسمان قارا مەخمەلدەك،
زېمىن ھالسىز ئۇخلاپ كېتەر كېسەلدەك.
شۇنداق تۈندە مۇبادا يول يۈرسەن،
تىنەپ يۈرگەن غايىپ ئوتنى كۆرىسەن.
يېشىل ئوتلار يۈگرەپ يۈرەر تۇپراقتا،
يالقۇن چېچىپ يېقىندا ۋە يىراقتا.
كۆرىسەن ئالدىڭدا ۋە كەينىڭدە،

سوغۇق تىترەك پەيدا قىلىپ قەلبىڭدە.
چۆگىلەيدۇ بەزەن تېخى قۇيۇندەك،
خۇددى جىنلار تۇندە تۆزگەن ئويۇندەك.
ئۆز - ئۆزىدىن كېتەر تىلىڭ دۇئاغا،
قورقۇپ قاراپ بۇ سەرگەردان نۇرلارغا.
قورقما نادان، ئەمەس بۇ جىن ئويۇنى،
تۇندە ئۆتكەن شىۋە قەدرى قۇيۇنى.
بۇ — ئەجدادىڭ سۆڭەكلىرى چاچقان نۇر،
قارا يەرنىڭ ئىسكەنجىدىن قاچقان نۇر.
قەدىم زېمىن سانسىز جاننى كەتتى يەپ،
كۆمۈلمەكتە ئۇلار ئەسىر - ئەسىرلەپ.
دەسسىگەنلا يېرىڭ بۇندا قەۋرىستان،
ئەجداد روھى تېنەپ يۈرەر سەرگەردان.
كۆمۈلۈپمۇ يوقالمىغان سۆڭەكلەر
تۇندە شۇنداق ئوت رەڭگىدە چېچەكلەر.
مەنمۇ شۇنداق يېشىل ئۆتمەن دۇنيادا،
قورقۇپ كەتمە ئۇچراپ قالسام مۇبادا.
دۈچ كەلگەندە مەن چاچراتقان نۇرلارغا،
ئالدىراپلا قول كۆتەرمە دۇئاغا! ...



III

ئاققان دەريا سوغۇق قىشتا توڭلايدۇ،
قاتقان مۇزلار ئۇنى ئوچۇق قويمايدۇ.
قىش ئاسمىنى چېچەكلەيدۇ بىقارار،
يېپىپ كېتەر مۇزنى چۈشكەن قېلىن قار.
چەكسىز زېمىن قار ئاستىدا ئۇخلايدۇ،
قارلىق يەردە شىۋىرغانلار ئوينايدۇ.
ھەممە نەرسە ئۆلۈك كەبى توڭلايدۇ،
دەريانىمۇ پەرق قىلىپ بولمايدۇ.
توڭلاپ ياتار كېپەنلەنگەن دۇنيامۇ،
توڭلاپ ياتار ۋادىلارمۇ، دەريامۇ.
لېكىن دەريا ئاقار مۇزلار ئاستىدا،
بېرىپ بوغۇق گۈلدۈرلىگەن بىرنىدا.
ئاڭلانمايدۇ ئوڭاي ئۇنىڭ نىداسى،
قېلىن مۇزلار ئاستىدىكى ساداسى...
ئۇ باھارنىڭ ئاپتىپىنى تاپىدۇ،
ۋە مۇزلارنى قارسىلدىتىپ چاقىدۇ.
بۇلار مۇزلار ئۆلۈك سالغان جىنازا،
ئۇنى دەريا ئېلىپ ماڭار بىر ھازا.

ئېلىپ كېتەر ئۇنى يىراق كۆللەرگە،
ياكى تاشلاپ كېتەر قارا چۆللەرگە.
مەنمۇ دەريا مۇز ئاستىدا كۆرۈنمەس،
سادا بەرگەن بىلىنەر ۋە بىلىنمەس ...

IV

قۇملۇق چۆللەر ... يورۇق كۈندۈز يوقالغان،
تۈندە تېنەپ يول يۈرىدۇ بىر كارۋان.
قارا زۇلمەت تۈتەكلەشكەن شۇ پەيتتە،
ئۇلار ھالسىز، چۆل باغرىدا كەلمەكتە.
كارۋان بېشى ئۆلگەن يولدا، كارۋانلار —
دەريا كەچكەن، ئاشقان تاغۇ داۋانلار،
ئۇلار يولنى بىلەلمىگەن يورۇقتا،
ۋە كېچىسى تېنەپ قالغان قۇملۇقتا.
سۇ تۈگىگەن، تۆگىلەر ئاچ، يول يىراق،
تۈندە غەمكىن سادا بېرەر قوڭغۇراق.
يولسىز چۆلدە بولۇپ يولنىڭ نىشانى،
كۆرۈندۇ مالچىلارنىڭ گۈلخانى.



يىراق گۈلخان ئۈمىد بولۇپ چاقنايدۇ،
كارۋان خۇشال قىن - قىنىغا پاتمايدۇ.
سەن ئويلىما، تۈندە ھەممە ئۇخلايدۇ،
دۇنيا ئىشى نېمە بولدى ئۇقمايدۇ.
ئەيغاقكەنغۇ مالچىلارنىڭ ماكانى،
بۆرىلەرنى قاچۇرماقتا گۈلخانى.
روشەن چاقناپ يول كۆرسەتتى كارۋانغا،
تېنەپ يۈرگەن بىر توپ غېرىپ ئىنسانغا..
مەن مالچىلار گۈلخانىنىڭ ئۇچقۇنى،
ئۆچۈرەلمەس مېنى تۈننىڭ ئۇپقۇنى.

*   *

مېنى ئۇقماي - بىلمەي تۇرۇپ سۆزلىمە،
بىلەمسەن - بىلەلمەسەن - مەن نېمە؟ ...

1986 - يىل 8 - ئاي
كورلا.

# نورۇز قوشىقى

قارلار تەپچىپ، كېلىپ قالدى مارت ئېيى،
توك ئېرىدى، قاناتلاندى ئىلھامىم.
خاتىرەمگە چۈشتى نورۇز مەرىمى،
ئەقىل تېپىپ، ئويغانغاندا ۋىجدانىم.
يېڭىباشتىن ھايات تاپتى خەلقىمنىڭ ــــ
يوق قىلىنغان، ئۇنتۇلمىغان بايرىمى.
ۋىسال تاپتى قۇچاقلىشىپ بىز بىلەن،
خۇشاللىق ۋە ئەزگۇ ھېسلار قاينىمى.
مېنىڭ خەلقىم بۇ مەرەمنى ياراتقان،
روناق تېپىپ، تارتقاندا زور كارۋانلار ــــ
ــــ ئاسىيانىڭ كەڭ باغرىغا تارقىلىپ،
ئات ئۈستىدە دەۋران سۈرگەن زامانلار...
ئۇزاق قىشتىن كېيىن كەلسە ئەتىياز،
مارت ئېيىنى يىلنىڭ بېشى دەپ بىلگەن.
تىلەك تىلەپ، ئۈمىد قىلىپ ياخشى يىل،



ھەر باھارنى قۇتلاپ نورۇز ئۆتكۈزگەن.
قەدىم خەلق ــــ بۇ ئويۇنچى، خۇشچاقچاق،
نورۇز كۈنى يامراپ چىققان تاغلارغا.
يۇرتمۇ - يۇرتتىن تەۋرەپ كېلىپ توپلاشقان،
سەيلىگاھلار ۋە مۇقەددەس جايلارغا.
تەڭ بەھرىمەن بولغان نورۇز ئېشىدىن،
مال ئۆلتۈرۈپ، ئېسىپ ئۇندا داشقازان.
دار باغلىغان، ئوغلاق تارتقان، چېلىشقان،
ۋە تېپىشقان كۆكۈل بەرگەن قىز - ئوغلان.
خۇددى ئوتلاق گۈللىرىدەك ئېچىلىپ،
ئويناپ - كۈلگەن بارچە چوكۇ - ئۇششاقلار.
ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتقان، ساز چالغان،
ۋە توقۇغان بەكمۇ گۈزەل قوشاقلار.
قۇت تىلىگەن ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە،
ئايان قىلىپ ئالتۇن كەبى قەلبىنى.
دوستلىرى ۋە دۈشمىنىنىڭ ئالدىغا
سېخى بولۇپ يېيىپ قويغان ھەممىنى...
بۇ دۇنياغا تۆرەلگەن ھەر خەلقنىڭ
ئۆز تارىخى ۋە ھاياتى بولىدۇ.

ماڭغان ئىزى يوقالمايدۇ زېمىندىن،
ئانا يېرى ۋە بىساتى بولىدۇ.
ھەممە ئىنسان بالىلىرىدەك ئۇنىڭمۇ،
بولىدۇ ئۆز ئادەتلىرى ۋە زوۋقى.
مىجەز - خۇلقى، خۇشاللىقى، قايغۇسى،
ياشاش، گۈللەش، ئويناپ - كۈلۈش ھوقۇقى...
ئەمما، يىللار ئېلىپ كەتكەن يۇلارنى،
بىچارە ھەم ياۋاشلاشقان ئەھلىمىدىن.
كۆپ نەرسىنى تارتىۋالغان زامانلار،
ئۆزى قېرى، ئەقلى گۆدەك خەلقىمىدىن...
ئەل بېشىغا مىنىپ ئالغان بىر زامان،
شىڭ شىسەي دەپ بىر ساختىپەز ھۆكۈمران.
ئەل ئىشىغا بولغان سەگەك، گۇمانخور،
«خوتۇنى ياش قېرى بايدەك» ئۇ ھامان.
گويا شىرغا مىنىپ قالغان ئۇۋچىدەك،
چىڭ يېپىشقان ئەلنىڭ ھەر بىر مويىغا.
يۈگەن سالغان — ئاتقا يۈگەن سالغاندەك،
مەرىمىگە، ئۆلۈمىگە، تويىغا....
تۆتلا كىشى بىللە بولسا... ئۇ بىلگەن —



خەۋپتە دەپ ئالتۇن يىغىش بەختىنى.
ھۆتمۇ - تۆشۈك — بوران بۇزغان كەپىدەك
قىلىپ قويغان خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى...
بۇ خەلقنى ئەيىپلىمەك تەس ماڭا،
تەغدىر شۇنداق تەتۈر كەلسە نە چارە؟
رودىپايلار قىستاڭدا تاسقىلىپ،
بولۇپ قالسا دىۋانىدەك ئاۋارە!
كۈلۈشكىمۇ، يىغلاشقىمۇ جۈرئەتسىز،
يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان بىچارە...
تېنەپ يۈرسە چەكسىز يوقلۇق ئىچىدە،
ئۆز ئوقىدىن ئاجرىغاندەك سەييارە.
مېھنەت ئەھلى ھايۋان كەبى خار بولسا،
روھانىلار بولسا ئەزىز، ئەتىۋا؛
مەدەت بېرىپ تەگكەن ھەر بىر قامچىغا،
شۈكرى قىل، دەپ بېرىپ تۇرسا پەتىۋا؛
ماكانلىسا سوپىلار ۋە لالما ئىت،
ئالىملارنىڭ، سۇلتانلارنىڭ قەبرىدە؛
مازار ئىزلەپ، ئەمما ئەقىل ئىزلىمەي،
قالسا خەلق خۇراپاتلىق ئەۋجىدە؟

ئىلكىمىزدىن ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك —
نەرسىلەرنى ئېلىپ كەتتى ئۇ يىللار.
شۇنداق قىلىپ، ئاتا مىراس نورۇزدىن
جۇدا بولدۇق يېرىم ئەسىر توپ - توغرا!
ئەمما خەلق جۇدا بولغان ھەممىنى،
ئۇنتۇپ قالماي ساقلاپ كەلدى قەلبىدە.
كۆمۈپ قويدى قات - قېتىغا كۆڭلىنىڭ،
گويا كىتاب ساقلىغاندەك قەبرىدە.
ئۇنۇتمىغاچ — تىرىلدۈردى نورۇزنى،
مانا زامان ئوغلانلىرى شۇڭلاشقا.
پۇرسەت ئالدى، بەلكى ئالدى رۇخسەتمۇ،
مارت ئېيىدا بۇ مەرەمنى ئويناشقا!
بۇ دۇنيانىڭ ئىشى شۇنداق، يارانلار!
ئۇنتۇلمىغان نەرسەڭ ھامان ئۆلمەيدۇ.
خۇددى مىڭ يىل كۈپتە ياتقان ئۇرۇقتەك،
پۇرسەت تاپسا — ئۈنۈپ چىقىپ گۈللەيدۇ...

1987 - يىل 3 - ئاي
ئۈرۈمچى.



## ۋارشاۋا

يىراقتىكى شەرق يېرىدىن،
تىنچ ئوكيانىنىڭ قىرغاقلىرىدىن،
ياۋروپاغا قاراپ يول ئالدۇق،
كۆتۈرۈلۈپ تۈندە ھاۋاغا.
بىز ئۇچتۇق ئۇزاق،
تۈننىڭ چەكسىز كەڭلىكلىرىدە
قۇلاق سېلىپ
گۈكۈرىگەن بىرلا ساداغا.
ئۇيقۇسىدا كۈلگەن يۇلتۇزلار،
قارا دۇردۇندەك تىترىگەن بوشلۇق
ۋە ئېگىزلىكتە — چەكسىز، قاپقارا.
بىز ئۇچتۇق ئۇزاق،
تۈندە ئۇچقان يالغۇز قۇش كەبى،
شالاڭ، خىرە بۇلۇتلار ئارا.

ياش چوكانىنىڭ تۈنجى تۇغۇتىدەك،

بەكمۇ تەس بولدى،
بۇ ئۇزاق تۈندە تاڭنىڭ ئاتمىقى.
قىلدى تەشنا،
قىلدى ئىنتىزار،
ئوتلۇق ئۈمىدتەك ئۆزىگە تارتىپ،
زېمىن يۈزى، ئاپئاق تاڭ چېغى.
ئەمما بۇ ئۇچۇش
مېنىڭ بوران - جۇدۇنلۇق ئۆمرۈمدە
ئىزى ئۆچمەس كۆپ كەچمىشلەردەك،
ئۇنۇتۇلماس ئىش بولۇپ قالدى.
سۈزۈلۈپ كەلدى ئۇپۇق ئاخىرى،
تۈننىڭ ئىسلاشقان قاراڭغۇلىقى
نەگىدۇر
ئېھتىمال ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ
تىنىمسىز، شاش ۋە قايناپ تۇرغان —
دولقۇنلىرىغا سىڭىپ يوقالدى.
نەم ۋە ئاپئاق تۇمانلار ئارا،
ئايان بولدى مانا ۋارشاۋا!
چىراي ئاچتى ئۇلۇغۋار، تىنچ،



قەدىم سلاۋيانلارنىڭ نەسلى —
پولەكلەرنىڭ بۇ ئانا شەھىرى...

بىز شەھەرنى قىلدۇق ساياھەت،
تۇتۇق، بۇلۇتلۇق ئەتىگەنلىكى.
كەڭ كوچىلار ئازادە، جىمجىت،
ئاسفالىتتا
يالتىرايدۇ كۈمۈش سۈيىدەك،
نېپىز مۇز ۋە يامغۇر نەملىكى.
بۇ كوچىلار يانتۇ، ئېگىز - پەس،
شەھەر ئورنى تۈزلەڭلىك ئەمەس،
ھە دېگەندە ئۇچراپ تۇرىدۇ
تەبىئى دۆڭلەر،
يېشىل قىيالىقلار،
كونا ئۆستەڭنىڭ بۇزۇلمىغان ئىزى.
غوللۇق ئۆسكەن دۇب دەرەخنىڭ
بوۋايلارنىڭ قول تومۇرىدەك
كۆپۈپ تۇرىدۇ
يەر ئۈستىگە كۆتىرىلىپ چىققان

ئەگرى - بۈگرى قىرى يىلتىزى.
دەرەخزار ۋە چىملىقلار ئارا
قەد تىكلىگەن
چىر كاۋلار
كونا - يېڭى قىرلىق بىنالار،
گويا
ياندىشقاندەك تاغدا قىيالار.
قورۇلىرىدا، چىمەنلىكىدە
ئۆستۈرۈلگەن شىمال ئارچىسى.
بۇ شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە
گىرەلىشىپ تۇرىدۇ بىللە،
سەھرا قىزى، شەھەر يىگىتى
قۇچاقلىشىپ تۇرغاندەك گويا،
شەھەر بىلەن قىشلاق پارچىسى.
خۇددى خىلۋەت قىشلاقتىكىدەك
دەرەخلەردە بار قاغا چاڭگىسى؛
چاڭگىلدايدۇ قاغىلار ئەركىن،
ئىنسانىنى كۆرۈپ قاچمايدۇ بەدەر.
سېغىزخان،



پىكاپىلاردىن - پىكاپقا قونۇپ،
لەپىلدىتىپ قۇيرۇقلىرىنى،
شاراقلاپ،
بەستلىك كەلگەن شوپۇر يىگىتلەرگە،
كۆچۈك يېتىلەپ ئالغان
سېرىق چاچ، كۆك كۆز قىزلارغا
ئۆزىچە،
يەتكۈزىدۇ قانداقتۇر خەۋەر...

قارىغاندا بۇندا پولەكلەر،
قۇرۇپ چىققان بۇ مەشھۇر شەھەرنى،
بۇزماي، ئۆزگەرتمەي
يەر چىرايى، زېمىن ئەسلىنى.
يوقاتمىغان،
تارىخنىڭ ئېغىر سىلجىشلىرىدا،
تەبىئەتنىڭ ئانا بەھرىنى.
ئۆزلىرى ئۆسكەن بۇ بۆشۈك بىلەن
شۇ تەقلىتتە
تۇتاشتۇرغان يېڭى نەسلىنى!

ئۇلارنىڭ بۇ كۆيۈنۈشىدە
ئانا يەرگە بولغان ھۆرمەت بار.
چېچىپ تۈزلىمىگەن،
ئويۇپ يۇرمىگەن،
گويا ئوغۇل ئۆز ئانىسىغا
تىغ ئۇرۇپ،
ئۆز قولى بىلەن قىلمىغان يارىدار.
قۇتۇپ نۇرىدەك پارلاپ تۇرىدۇ،
پېشىل چاقناشلار —
بۇ بۆشۈكتىن چاقنىغان نۇرلار.
يورىتىدۇ كېچە ۋە كۈندۈز،
قوش باشلىق بۈركۈت كەشتىلەنگەن
بايراقلىرىنى،
بۇ بۆشۈكتىن كۆز - كۆزگە كۆچۈپ،
شۇ كۆزلەرگە پاتمىغان نۇرلار.

ياۋروپادىكى بۇ كىچىك مىللەت،
ئۆز ۋەتىنىدە ساقلىغان قىممەت.
يوق قىلالمىغان



ئۇلارنىڭ ئەركى ۋە ھوقۇقىنى،
ياۋروپانى قاپلاپ يامرىغان
ئۇرۇش ئوتلىرى،
خوشنىلارنىڭ زوراۋانلىقى،
باسقىنلار ... يانغىنلار ...
ۋە مىللەتنىڭ بېشىدىن كەچكەن —
رەڭمۇ - رەڭ قىسمەت.
تانكا بۇزۇپ ئۆتكەن كونا تام،
سېپىلدىكى ئوق تۆشۈكلىرى،
سۇنغان قىلىچ، دات باسقان قالقان،
توپ ئوقىدا كۆيگەن كۆتەكلەر
بۇ تارىختىن بېرىدۇ دېرەك.
تەبىئىتىنىمۇ ساقلىغان ئۇلار،
جەمئىيىتىنىمۇ ساقلىغان ئۇلار،
شۇ سوقۇشلاردا ئانا يېرىگە
بولۇپ پىداكار،
بولۇپ يار - يۆلەك.

خۇددى ئۇلارنىڭ چىملىقلىرىدەك:

ئېغىر يۇكلۈك تۆمۈر ھارۋىلار
ئۆتسە يەنچىپ قالدۇرىدۇ ئىز.
لېكىن،
ھارۋا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن،
يېشىل ئوتلار تىكلىنىدۇ تېز.
يەنە دېڭىز يامغۇرى قۇيۇلار،
شامال يەلپۈر، قىزىتار قۇياش.
ئۇلار ئۆلمەيدۇ...
چۈنكى ئۇلارنىڭ
ئۆلمەيدىغان يىلتىزلىرى بار،
ئۆز زېمىنىدا،
تۇپراقتا چوڭقۇر —
بىر - بىرىگە كىرىشكەن تۇتاش...

*

ئىززىتى چوڭ بۇ كىچىك مىللەت،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە قوزغىدى ھۆرمەت.

1989 - يىل 1 - ئاي
ۋارشاۋا.



## كۈلۈمسىرەش...

دۇنيا گۈزەل كۈلۈمسىرەيدۇ،
سۈزۈك تاڭدا بالقىسا قۇياش.
ئاسمان تۇتاش بولسا بۇلۇتسىز،
ۋە زېمىندا تۇمان بولمىسا،
يالتىراپ تۇرسا ئەينەككە ئوخشاش.
قۇياش ئۆزىمۇ كۈلۈمسىرەيدۇ
كۆتىرىلگەندە يېڭى ئۇپۇقتىن.
كۈلۈمسىرەيدۇ،
تاغلار روشەن، ئورمانلار يېشىل
ئۇنىڭ نۇرى بەرگەن يورۇقتىن.
ئالتۇن نۇرلار ئەركىلەتكەندە،
شىلدىرلاپ يېنىك ئاققان ئېرىقتا،
ئوخچۇپ تۇرغان سۈزۈك بۇلاقتا،
تىنچ كۆللەر ۋە دېڭىزلاردا —

سۇ يۈزىدە — يىراق - يىراقتا
كۈلۈمسىرەش بولىدۇ پەيدا.
قىشنىڭ كۈنى يېڭى ياققان قار،
شۇ نۇرلاردا كۈلۈمسىرەيدۇ،
كۈلۈمسىرەر ھەتتا،
قاتقان نېپىز، سۈپ - سۈزۈك مۇزلار،
سوغاق چېچىپ تۇرسىمۇ گەرچە،
يەنىلا
كۆڭۈللەرنى قىلىدۇ شەيدا.
كۈلۈمسىرەشكە ئوخشاپ كېتىدۇ،
گۈل غۇنچىسىنىڭ ئېچىلىشىمۇ،
چېچەكلەردە كۈلۈمسىرەش بار.
ئۇ بولىدۇ كۆزدە، لەۋلەردە،
نەپرەت، ئۆچمەنلىك، قىساس يوق يەردە،
گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايدا،
قىزغىنلىقتا، سەمىمىيەتتە،
ئىستەكلەردە كۈلۈمسىرەش بار.
كۈلۈمسىرىگەن لەۋگە ئوخشايدۇ،



ئوغاقتەك بولۇپ چىققان يېڭى ئاي.
تولغان ئاينىڭ ئۆزىمۇ يەنە —
كۈلۈمسىرىگەن ئوچۇق بىر چىراي.
كۈلۈمسىرەيدۇ تۈندە يۇلتۇزلار،
تاڭدا چولپان كۈلۈمسىرەيدۇ.
ئۇ دۇنياغا نۇرلىنىپ قاراپ،
شۇ ئېگىزلىكتە جىمجىت ۋە تەنھا،
دۇنياغا تىنچلىق،
ئىنسانلارغا بەخت تىلەيدۇ...
سالام بىلەن كۈلۈمسىرىدى،
ۋارشاۋادا بىزگە پولەكلەر.
ئىنتىلدى
تونۇشماققا، سۆھبەتلەشمەككە،
بىلدۇرمەككە قىزغىن ئىستەكلەر.
چۈنكى بىز مېھمان،
ئۇلار كۆرۈپ باقمىغان — ئۇيغۇر،
ۋارشاۋانى كۆرمەككە كەلگەن
ياخشى نىيەتلىك، خەيرىخاھ ئىنسان.

بىراق بىلمەيمىز پولەك تىلىنى ،
بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۇلار بىلمەيدۇ ،
پەقەت ئىللىق كۈلۈمسىرەيدۇ .
ئاشۇ قىزغىن كۈلۈمسىرەشتە ،
سەپىرىمىزگە ئاق يول تىلەيدۇ .
ئاخىر ، ھەممىمىز ئىنسان ـ دە!
ھېس ئەتتىمكى ،
نەدە بولسا بۇ كۈلۈمسىرەش ،
بولساڭ پەقەت ئادەملەر ئارا
بولمايدىكەن تىنەش ـ تەمتىرەش ...

1989 ـ يىل 1 ـ ئاي
ۋارشاۋا .



## ئالدىراش بۇلۇتلار

يات ئاسمانغا كۆز تاشلىدىم مەن ھەيران بولۇپ ،
كۆرگەنلىرىم ــــ دەريا كەبى ئالدىراش بولۇت .
دولقۇن بولۇپ پۈتۈن كۆكنى قاپلاپ ئۆتىدۇ ،
چاپقان كىيىك پادىسىدەك تاخلاپ ئۆتىدۇ .
قايناممۇ بار ، قويۇنمۇ بار ئۇچۇشلىرىدا ،
تۇمانلىنىپ يەرۇ كۆكنى قۇچۇشلىرىدا .
بەزەن پەسلەپ شالاڭ يامغۇر تۆكۈپ ئۆتىدۇ ،
بەزەن ئاپپاق پاختا بولۇپ كۈلۈپ ئۆتىدۇ .
يەڭگىل ئېقىن ئۆلكىلەردىن ئۆلكىگە ئۆتەر ،
دېڭىزلاردىن چىقىپ يەنە دېڭىزغا كېتەر .
ھەيدەپ ئۆتەر قۇدرەتلىك ، تىنىمسىز شامال ،
زېمىندىكى ھاياتقىمۇ ئوخشايدۇ بۇ ھال .
ياۋروپانىڭ كۆكىدىكى بۇلۇت كارۋىنى ،
بىر پىكرىنىڭ قاينىمىغا باشلىدى مېنى :

ئادەملەرمۇ، ئۆچۈپ ئۆتكەن بۇلۇتتەك تۇتاش
ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ئىككەن ئالدىراش.
ئالدىرايدۇ ئىشلىمەككە ۋە ياراتماققا،
ئوقىماققا، ئۆگەنمەككە، ئەقىل تاپماققا.
بەيگىدىكى ئاتتەك چاپسان چېپىپ تۇرىدۇ،
شۇ چېپىشتىن بايلىق، بىلىم تېپىپ تۇرىدۇ.
پۈتۈن ھايات شۇنچە جىددىي — ئۈزۈش، رىقابەت،
ئولتۇرۇش ۋە ئاستا ماڭماق كەلتۈرەر ئاپەت.
يۈگرىگەچكە تېز ئاقىدۇ تومۇرلاردا قان،
ھەرىكەتلىرى چەبدەس، كۈچلۈك، پۇت-قولى چاققان.
ھارماس-تالماس، كۆزى روشەن، مىجەزى تېتىك،
ۋە ئەقلىمۇ بىلەپ تۇرغان قىلىچتەك ئىتتىك.
شۇڭا، سائەت-مىنۇتلارنى بىلىدىكەن جان،
بۇ قىتئەدە نەپەس ئېلىپ تۇرغان ھەر ئىنسان.
ئۆتكۈزمەسكەن ئۆز ئۆمرىنى كېلەر ۋە كەلمەس،
ئالتۇن سورا بېرەر ساڭا، ۋاقىتنى بەرمەس.
قانغا سىڭگەن بۇ خاراكتېر، بۇ قەيسەر ئادەت،
يەر شارىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتى غايەت.



تۆمۈر يوللار، ئاپتوموبىللار ۋە پاراخوتلار،
ئېلېكتردىن كەلگەن قۇۋۋەت، چاقنىغان ئوتلار،
تېلېفون ۋە تېلېگراففلار، رادىئو، تېلېۋىزور،
تانكا-توپلار، راكېتىلار — قۇدرەتلىك، زور،
فابرىكىلار — كۆك ئاسماننى قاپلىغان تۇرخۇن،
زامانىۋى ھۈنەر-سەنئەت نۇرغۇن ۋە نۇرغۇن،
ئاپتوماتىك قۇرۇلمىلار ۋە ئېلېكترون
كەلمىدىمۇ ئاشۇلاردىن ھازىر ۋە بۇرۇن؟
ئاشۇلاردىن ئالمىدۇقمۇ بۇ خىل ھەممىنى،
ئەندىز ئېلىپ تىككەن كەبى چاپان شەكلىنى؟
ئەمما ئۇلار ئۆتكۈرلەردە ياشىغان زامان،
بىزنىڭ خەلق يىپەك توقۇپ كىيگەنتى چاپان!...
كېيىن ئۇلار ئالغا كەتتى ئەسىر-ئەسىرلەپ،
ھارغان ئاتتەك قالدۇق يولدا بىزمۇ بىر-بىرلەپ.
نەدىن تاپماق لازىم مۇنداق پەرق سىرىنى،
ئالدۇقمۇ بىز تۇرغۇن بۇلۇت خاراكتېرىنى؟
تۇرغۇن بۇلۇت — ئاپئاق بۇلۇت، كۆكتە لەيلەيدۇ،
پارچە-پارچە، بىر-بىرىگە يېقىن كەلمەيدۇ.

ئارام بىلەن ئۆگىنەيدۇ تاققا باش تىرەپ،
ئۇپۇقلارغا يېيىلىدۇ كۆنلەپ - ھەپتىلەپ.
قۇياش چىقسا، قىزىرىدۇ ھەممىدىن بۇرۇن،
قانلىق داغدەك قارىدايدۇ كېيىن كەچقۇرۇن.
كېچىلىرى كىرىپ قالار بوزە رەڭگە،
ياكى ئاتقا ئوخشاپ قالار — چۈشكەن بەيگىگە.
پەقەت شەكلى ئوخشاپ قالار، ھەرگىز چاپمايدۇ،
بىرەر شامال بولمىغۇچە ھەرىكەت تاپمايدۇ.
بەزەن بوران قوزغىلىدۇ، شامال كۆيلەيدۇ،
ئۇ چاغ بۇلۇت تاغ كەينىدە تاغدەك ئۆرلەيدۇ.
توپلىنىشى بەكمۇ ئاستا، سىلجىشى تەمكىن،
ئاستا - ئاستا قارىدايدۇ تۇتۇق ۋە غەمكىن.
كېيىن بىردىن كىرىدۇ - دە قەھرۇ - غەزەپكە،
نەرە تارتىپ ئىلگىرلەيدۇ تەرەپ - تەرەپكە.
گۈلدۈرلىشى يەر - زېمىننى تىترىتىپ ئۆتەر،
قىلىچلىرى يالتىرايدۇ ئوتتىنمۇ بەتتەر.
ھەرىكىتىدە پەيدا بولار ئۈنىڭ پارتىلاش،
چاقماق يەرگە ياغمۇرىنى تۆكەر ئالدىراش.



تۆككەن سۈيى ھاسىل قىلار دەريادا تاشقىن،
تاغ - دەشتلەردە بولسا كەلكۈن - ئاپەت ۋە باسقىن.
باغدا گۈللەر، سايدا يانتاق قانىدۇ سۇغا،
چۆلدە توغراق ئېرىشىدۇ ياپ - يېشىل نۇرغا.
تاققا تۆككەن سۈيى ئۈنىڭ بولىدۇ مۇز - قار،
كېيىن ئېرىپ، كۆز يېشىدەك تامچىلار ئاقار.
شۇ تامچىلار بىرىپ كەلدى گۈل - گىياغا جان،
ئۆستەڭلەردە، ئېرىقلاردا ئېقىپ كۆپ زامان...
بۇمۇ بىر خىل خاراكتېرغۇ، خۇلقى — پارتىلاش،
ئەمما تىنچ پۇرسەتلەردە ئەمەس ئالدىراش...

1989 - يىل 1 - ئاي
ۋارشاۋا.

# دەرەخ ۋە بىنا

ۋارشاۋادا كۆردۈم بىر كۈن ،
يېڭى بىر بىنا .
شەكلى ئۇنىڭ ئەگمەچ پۈتۈن —
ئېگىلگەن ئۇقيا .
تۆپۈلۈككە بىر قاراپلا
بىلدىم ھەممىنى :
بىر تۈپ دەرەخ بەلگىلەپتۇ،
ئۇنىڭ شەكلىنى .
يېڭى بىنا قۇرغۇچىلار
ئىكەن كەڭ قورساق .
بۇ دەرەخنىڭ كۆكلىشىنى
قويماپتۇ توساپ .
ئۇنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى
ئاسراپ قەلبىدىن ،



يوغان تۆشۈك قالدۇرۇپتۇ
مەرمەر لەمپىدىن .
يىلتىزىنى باسماي ئۇنىڭ
ئەگىپ ئۆتۈپتۇ .
تۇپراق ، ئاپتاپ ، يامغۇر بىلەن
تەمىن ئېتىپتۇ .
ئۇ تۆشۈكتىن چىقىپ دەرەخ
كۆكنى بويلاپتۇ .
بىنانىڭمۇ ھېچبىرىنى
توساپ قويماپتۇ .
يۈكسەك بىنا يالتىرايدۇ ،
دەرەخمۇ يېشىل .
بىر مەنزىرە ھاسىل قىلغان
ئىناق ۋە ئىجىل .
بىر ـ بىرىگە ھۆسن بېرىپ
كۆكنى بويلىغان .
قۇرغۇچىلار باشتا بەلكى
شۇنداق ئويلىغان :

دۇنيا، زېمىن ھەممىزنىڭ،
ئۇنىڭ باغرى كەڭ.
نېمە ئۆسكەن بولسا ئۇندا
ياشاش ھەققى تەڭ.
ئۆتەلەيدۇ ھەممە بىللە
ئىناق سىغدىلىپ.
ھاجەت ئەمەس تالاش قىلماق،
قولغا تىغ ئېلىپ.
ئۆزى ئۈچۈن ئۆزگىلەرنى
ئەيلىسە قۇربان،
قۇرىمامدۇ يېشىل دۇنيا —
بۇ كۆكلەپ تۇرغان؟

1989 - يىل 1 - ئاي
ۋارشاۋا.



## ئادام مىسكېۋىچنىڭ ھەيكىلى

بويسۇنماس مەغرۇر بېشى قەد كۆتىرىپ ئۇنىڭكى
ئالېكساندىر قۇببىسىدىن ھەم ئېگىزرەك يۈكسەلگەن.

ئا. س. پۇشكىن — «ھەيكەل»

مەشھۇر پولەك شائىرىنىڭ ھەيكىلى
رىشاتكىلىق بىر قورۇدا يۈكسەلگەن.
ئارقىسىدا بىنا — قىرلىق ئۆگزىلىك
گويا ھەيكەل تىك قىياغا يۆلەنگەن.
قورۇ ئىچى يېشىل چىملىق، گۈلزارلىق،
ۋە ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەن نەۋقىران.
ھەيكىلىدە خىياللارغا بېرىلگەن،
قەلەم بىلەن جەڭگە چىققان قەھرىمان.

يېقىن يەردە كونا شەھەر سېپىلى،
مۇخلار ئۆسكەن، يامغۇرلاردا كۆكەرگەن.
سېپىل بىلەن ھەيكەل گويا ياندىشىپ،
بىر تارىخنىڭ بايرىقىنى كۆتەرگەن.
تار كوچىدىن ئۆتكەن بارچە پولەكلەر،
شائىرىغا بىلدۈرىدۇ ئېھتىرام.
ئۇنىڭ ئۇلۇغ سۈكۈتىنى بۇزمايدۇ،
ئالسۇن دېيدۇ خىياللاردا ئۇ ئارام.
ئۇ يېپىنغان توننىڭ كەڭرى پەشلىرى
خۇددى بۈركۈت قانىتىغا ئوخشايدۇ.
مۇنداق ئۇچقۇر قاناتى بار بۈركۈتلەر
مەملىكەتنىڭ بايرىقىدا توختايدۇ.
ھە، ئەلۋەتتە، شائىر دېگەن بىر بايراق،
ھەر بىر مىللەت تارىخىدا كۆتەرگەن.
ياكى ھەيكەل ئۆز يېرىدە ھەر زامان،
كۆز يەتكۈسىز تىك قىيادەك يۈكسەلگەن —
بولغان بولسا ھاياتىدا ئەگەر ئۇ،
ئۆز خەلقىگە ۋاپادار ۋە يار - يۆلەك.



ۋە ئانىسى — مىللىتىنىڭ قەلبىدە
ئۇرۇپ تۇرغان قايناق قانلىق بىر يۈرەك.
خۇددى شۇنداق شائىر — ئادەم مىسكىنۋىچ،
قوللىرىدا ئەنە شېئىر كىتابى.
بۇ كىتابتىن ياڭراپ تۇرار جاھانغا،
ئۇنىڭ پىكرى، كۈيلەشلىرى، خىتابى.
ياڭراپ تۇرار تاغدىن يانغان سادادەك،
لاچىن كەبى، بۇلبۇل كەبى سايراشلار.
ئوكياندەك ئۆركەشلىگەن ھاياجان،
قەھرۇ - غەزەپ، پارتىلاشلار، قايناشلار.
مۇھەببەتنىڭ شېرىن سۆزى — ئۇنتۇلماس،
قېرىنداشلىق، بورادەرلىك، يولداشلىق.
تىرىك جاننىڭ غېمى بىلەن ئازابى،
ھەم بىچارە ئىنسانلارغا ھېسداشلىق.
تارىخ، مىللەت توغرىسىدا ئويلىنىش،
ۋە خورلۇقتىن ئۇرغۇپ چىققان بىر پىغان.
چاقماق كەبى ئوتلۇق ئەقىل، خىياللار،
ۋە ئاۋامنى ئويغاتقۇچى زور چۇقان.

ئۆسكەن يەرنىڭ، دېڭىز بىلەن ئورماننىڭ
گۈزەل تىلدا كەشتىلەنگەن تەبىئىتى.
دەريادىكى مەڭگۈ ئېقىن، بۇلاقنىڭ —
يەر تېگىدىن ئۇرغۇپ چىققان شەربىتى...
بۇ كىتابتىن ياڭراپ تۇرغان بۇ ھەممە،
مەڭگۈ تىنماس بىر ساداغا ئوخشايدۇ.
ھېچكىم بىلمەس، شائىرلاردا بۇ سادا
قايسى زامان تىنغان، قاچان توختايدۇ؟
بۇ شائىرنىڭ ھاياتىنى بىلىمەن،
ئۇ ئۆمرىدە ئايلانغان شۇ ساداغا.
ئوت ئىچىدە ئۆتكەن ئۆمرى ۋە كۆيگەن،
ئۇچقۇنلىرى تاراپ كەتكەن ھاۋاغا.
ئۇ كىم ئۈچۈن ياندى، قانداق ئۆرتەندى،
پولەك خەلقى كېيىن بۇنى چۈشەنگەن.
ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ پارلاق بىر سەنئەت،
ئۆچمەس بايراق بولغىنىغا ئىشەنگەن.
بۇ ھەممىسى بولغان پەقەت بۇ شائىر،
سوقىلاردا ئازاب بىلەن ئۆلگەندە.



كىمنى كۆمۈپ قويغىنىنى بىلىشكەن،
ئۇنىڭ ئاددىي تاۋۇتىنى كۆمگەندە.
ھاياتىدا بولسا زەربە بېرىشكەن،
ئەمەلدارلار بىلەن ئەخمەق كىنەزلەر.
ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلانغان —
لالما ئىتلار بىلەن ساتقىن مەرەزلەر.
غەيۋەت بىلەن ھاقارەتتە قالدۇرۇپ،
سۈيىقەستلىك توزاق قۇرغان ھەممىدە.
قارا تۆھمەت تاشلىرىنى ياغدۇرۇپ،
چوڭقۇر يارا ھاسىل قىلغان قەلبىدە.
چۈنكى غالىپ، قۇدرەتلىك ئۇ ئەقىل
ئەقىلسىزدا قوزغاپ قويغان دۈشمەنلىك.
كۈندەشلىك بار تالانت بىلەن شۆھرەتتە،
قابىللىقنى ئىز قوغلايدۇ ئۆچمەنلىك.
خۇددى بولۇق بولغان ئالما مىسالى،
تاش ئاتىدۇ، شاخلىرىنى قايرىيدۇ.
قاغا قونۇپ چوقىلايدۇ، قۇرۇتمۇ
يامىشىدۇ، ئۆز رىسقىنى ئايرىيدۇ...

تالان ـ تاراج قىلىپ شۇنداق شائىرنى،
قانداق ئۆلدى ۋە ئۆلتەردى، بىلمەيدۇ.
كېيىن بولسا، بايراق قىلىپ كۆتۈرۈپ،
سەلتەنەتلىك ھەيكەللەرنى تىكلەيدۇ.
شۇنداق بولغان پولەكلەرنىڭ پەرزەنتى —
شائىر ئادام مىسكىۋىچنىڭ تەقدىرى.
بۇ تەقدىردىن خالى ئەمەس ئېھتىمال،
دۇنيادىكى شائىرلارنىڭ ھەر بىرى...

1989 ـ يىل 1 ـ ئاي
ۋارشاۋا.



## ئىستانبۇلنىڭ كەپتەرلىرى

دانلاپ يۈرىدۇ كەپتەرلەر توپى،
يوغان ـ يوغان، بۇدىرۇق ۋە بۇدىرۇق —
زەڭگەر باشلىق، زەيتۇن بويۇنلۇق،
ئاق گەۋدىلىك، قارا قۇيرۇقلۇق.
قونار جايى بىنا گىرۋىگى،
ياكى شاخدار دەرەختلەر يوغان.
ئاق گۈمبەزلىك بۈيۈك قەلئەلەر
سۈزۈك كۆكتە پارقىراپ تۇرغان.
مەيدانلارنى قاپلار بۇلۇتتەك،
ھەۋەسمەنلەر چاچقان چاغدا دان.
ئارىسىدا قالار ئادەملەر
بۇلۇت ئىچىدىن كۆرۈنۈپ ئاران.
دان ساتىدۇ تۈرك بالىلىرى،
ئوچۇق چىراي، مۇلايىم سۆزلۈك.
قارا چاچلىق ۋە قارا قاشلىق،

بۇغداي ئۆگۈلۈك ۋە قوڭۇر كۆزلۈك.
بۇ كەپتەرلەر ھېچكىمنىڭ ئەمەس،
باقار ئۇلارنى مىليونلاپ ئىنسان.
ئۇلار ئۈچۈن ماكان ھەممە يەر،
مەيدان، كوچا، دەرەخ ۋە ئاسمان.
رىملىقلاردىن قالغان سېپىللار —
خىشلىرىنى يېشىل مۇخ باسقان.
دېڭىزلارغا تۇتاشقان يوللار،
يېشىل چىملىق ۋە شالاڭ ئورمان.
ئايلىنىدۇ يول چېتىدىكى
پىكاپلارنىڭ بالۇنلىرىنى.
چۈنكى ھېچكىم ئالمايدۇ تۇتۇپ،
ئۇلار ئىچىدىن ھەتتا بىرىنى.
بالىلىقىمدا كۆرگەندىم، كۈزدە
بوشىغاندا دالىدا خامان —
قاياقتىندۇر كەلگەن كەپتەرلەر
تاقىر يەردىن ئىزلەر ئىدى دان.
يېقىنلىشىپ بارساق ئۇلارغا،
خۇشال بولۇپ ۋە سىلىپ چۇقان،



ئۇلار چۆچۈپ ئۇچۇپ گۈررىدە،
كۆك ئاسمانغا ئۆرلەپ يوقالغان...
مېنىڭ ئوغلۇم دان چېچىپ بەردى،
ئىستانبۇلنىڭ كەپتەرلىرىگە.
بۇ دوستانە كەپتەرلەر توپى
قونۇپ ئالدى ھەممە يېرىگە —
بېشىغا ۋە يەلكىلىرىگە،
يەڭلىرىدە قالدى ساڭگىلاپ.
بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى ئۇ،
يۈگرەپ كەلدى ئالدىمغا تاخلاپ.
— دادا، ئۇلار قاچمايدىكەنغۇ!
دېدى ماڭا شاد بولۇپ قاراپ.
ئۇ ئەركىلەپ چۈچۈك سۆز بىلەن،
سوئالىغا ئىزلەيتتى جاۋاب.
يىراق ئۇپۇقتا يانغان چاقماقتەك،
پىكرىم شۇ ئان قالدى يالتىراپ.
كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئوي بىلەن،
چۈشەندۈردۈم بېشىنى سىلاپ:
— چۈنكى ئوغلۇم بۇندا ئادەملەر

قۇرمايدىكەن كەپتەرگە تۇزاق.
يېمەيدىكەن، ئۆلتۈرمەيدىكەن،
ئادەت بولسا كېرەك بۇ ئۇزاق.
باقىدىكەن ۋە ئاسرايدىكەن،
قىسمايدىكەن ئۇلارنى داندىن.
كۆرگەچ دوستلۇق، شەپقەت ۋە مېھىر،
قاچمايدىكەن ئۇلار ئىنساندىن.
ئەگەر كىشلەر قىرسا ئۇلارنى،
بوغۇزلىسا تۆكۈپ قىزىل قان،
تۇتۇپ ئېلىپ يېمەكچى بولسا —
بۇلار ئىدى ئۇلارمۇ قاچقان.
يېمەكچى بولسا ھەتتا قاچىدۇ،
بۇ دۇنيادا ئىنسان ئىنساندىن.
قار ئېرىگەن چاغدا ئورماندا،
كېيىك قاچقان كەبى قاپلاندىن...

1989 - يىل 1 - ئاي
ئىستانبۇل.



## زېمىنى دەسسىگەندە...

كۆتەردى ئۇ كىيانىدىن كىرپىكلىرىنى،
ھىندىنىڭ كۆزىدەك قارا بىر كېچە.
كەشمىرنىڭ ئۈستىگە كەلدۇق بىز ئۇچۇپ،
تاڭ نۇرى ئاسماننى سۈزۈلدۈرگىچە.
ئاھ، بۇ تاڭ مەن ئۈچۈن يارالدىمكىن،
تۇمانسىز، بىپايان، پارقىراق، تىنىق...
تاغ سۈيى ئاستىدىن كۆرۈنگەن سايەدەك،
كەڭ زېمىن كۆرۈنىپ تۇرىدۇ ئېنىق.
ئاستىمدا — قار - مۇزلۇق كەشمىر تاغلىرى،
يانمۇ - يان، قاتمۇ - قات يۈكسەلگەن ئۇلار.
دەريانىڭ ئىزىدەك ئەگرى ۋە بۈگرى،
قار كېتىپ قارايغان چوڭقۇر جىلغىلار.
ياتار بۇ دۇنيانىڭ ئېگىزلىكلىرى
زېمىننىڭ قەدىمىي دەۋرىنى ساقلاپ.

ئىنسانىنىڭ ئايىقى، تالان ـ تاراجى
تېخى بۇ تاغلارغا كەلمىگەن ئاتلاپ.
مەڭگۈ بىر جىمجىتلىق ھۆكۈمران بۇندا،
مىسالى ئورماندەك ھەممە نەرسە ساپ.
ئېقىنلار كۆرۈنەر كۈمۈش سىزىقتەك،
ۋە كەتكەن ھەر ياققا تومۇردەك تاراپ.
مەن كۆرگەن، دۇچ كەلمەك تەس بۇ مەنزىرە
سوزۇلۇپ باراتتى راۋان، بىمالال.
موتورنىڭ رىتىملىق گۈرۈلدەشلىرى
قوزغىدى قەلبىمدە دولقۇنلۇق خىيال.
سەپەرنىڭ ياپ ـ يېڭى ئەسلىمىلىرى
ئۆرلىدى ھاۋارەڭ تۇماندەك لەيلەپ.
كۆرۈندى كۆزۈمگە يەنە ۋارشاۋا،
كۆكتە بۇلۇتلار ئالدىراپ تەۋرەپ.
ئىستانبۇل — تۈنلىرى كوچىلىرىدا
رەڭمۇ ـ رەڭ يۇلتۇزلار ئېقىندەك ئاققان...
ئاي ـ يۇلتۇز شەكلى بار قىزىل بايراقلار...
ۋە يېشىل قەبرىگاھ — سۇلتانلار ياتقان.



تەۋرەيدۇ تارىخىي جامەلەر ئەكسى
مەرمەر دېڭىزنىڭ كۆكۈچ سەتھىدە.
ۋە خەلقى... غەيرەتلىك، مەغرۇر، جەڭگىۋار،
ئانا قان چۈشقۇنلاپ تۇرغان قەلبىدە.
ھەم ئەرەب چۆللىرى — دەھشەتلىك چۆللەر...
داچىلىق ساھىلى قىزىل دېڭىزنىڭ.
ئالتۇندىن، مەر ـ مەردىن ياسالغان ھەرەم،
بۆشۈكى — ئېتىقاد ۋە روھىمىزنىڭ.
ئەرەبلەر، نېگىرلار، پاكىستانلىقلار،
خىلمۇ ـ خىل قىياپەت، رەڭمۇ ـ رەڭ ئىنسان....
بىز بىلەن ئوخشايدۇ ھەم ئوخشىمايدۇ،
ئۇ يىراق ئەللەردە ياشىغان ھەر جان...
بىز كەبى ھاياتقا قىزغىن سۆيگۈ بار،
ئۇلارنىڭ ھەۋەسلىك يۈرەكلىرىدە.
ئۇلارنىڭ زېمىنى، ۋەتەنلىرى بار،
قىتئەنىڭ ئۇ باشقا بۆلەكلىرىدە.
مېنىڭمۇ ۋەتىنىم بار بۇ دۇنيادا،
ھەر قۇشنىڭ ئۆز ئىنى بولغىنى ئوخشاش.

كۆرۈندى سەھەرنىڭ سۈزۈك كىلىكىدە،
مانا ئۇ ــــ پامىرى كەشمىرگە تۇتاش.
پايقىدىم يۇرتۇمنىڭ بوستانلىرىنى،
سوزۇلغان تارىمنى ـــ گويا لىنتىدەك.
كۆرۈندى باغراش ۋە لوپنۇر كۆللىرى،
ئوتلاقتا ئېچىلغان كۈمۈش غۇنچىدەك.
كۆرۈندى ئالتۇندەك قۇملىرى بىلەن،
جاھاندا نامى بار كەڭ تەكلىماكان.
كۆرسەتتى ئانامدەك مېھرىبان چىراي،
مىللەتنىڭ بۆشۈكى ــــ بۇ ئالتۇن ماكان.
ياشايدۇ بۇ جايدا قەددى ـ قامەتلىك،
قوڭۇر چاچ، قارا چاچ، سېرىق چاچ خەلقىم.
كىيىكنىڭ كۆزىدەك يوغان كۆزى بار،
ئاسىيا قەلبىدە بىر گۈلتاج خەلقىم:
خۇش چىراي، مېھماندوست، ئەمگەكچان، تېتىك،
نادانراق، ساددىراق، ئەمما ئەقىل يار.
ئېچىلىپ كۈلەلەيدۇ كۆڭلى ـ كۆكسىدىن،
ناخشىسى، ئۇسسۇلى، چاقچاقلىرى بار.



ياشنايدۇ قەدىمىي ئۆز ماكانىدا،
توغراقتەك، يانتاقتەك بولۇپ باراقسان.
ئىنسانىنىڭ ئۇ ئۆزگە تۈر كۆملىرىدەك،
ياشاشقا ھەققى بار زور تۈركۈم ئىنسان.
سېغىندىم بۇ ئەلنى ئۇزاق سەپەردە،
ئانامنى، بالامنى سېغىنغان كەبى.
بۇ تاڭدا ئۇلارغا تېپىنغۇم كەلدى،
شامانلار قۇياشقا تېپىنغان كەبى...
دەسسىدىم شاد بولۇپ ئوڭ پۇتۇم بىلەن،
بۇ ئانا زېمىننى ئايرودرۇمدا.
غايەت زور خۇشاللىق، بەختىيار بىر ھېس،
ئۆرلىدى دولقۇندەك شۇئان روھىمدا...

1989 ـ يىل 4 ـ ئاي
ئۈرۈمچى.

# قاناتسىز كېپىنەك

بۇ دۇنيادا تېخى ھۆكۈمران،
تەبىئەتنىڭ ياۋايى كۈچى.
ئۇ —
بەزەن زالىم، بەزەن مېھرىبان،
جان ئالىدۇ ۋە بېرىدۇ جان،
بولۇپ كەلگەن ئەزەلدىن شۇنداق،
ياراتقۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى.
ھەر خىل مۇھىت، ھەر خىل ئىقلىمنى
پەيدا قىلىدۇ،
ۋە قىلار غايىپ.
جانلىقلارنىڭ كەچمىشلىرىنى
قىلىپ قويار بەزەن ئاجايىپ.
چىلىنىڭ تاشلىق قىرغاقلىرىغا
تۇتىشىدۇ قەھرلىك ئوكيان.
ئۇ جايدا بار دېڭىز قولتۇقى،
ۋە قىرغاقتا ئوتلاقلىق ماكان.
ئۇ ماكاندا،



قولتۇق تىنچ، ئىقلىم مۆلايىم،
ئوتلاق ئىللىق بولغان بىر زامان.
كېپىنەكلەر بولغان ئۇ يەردە،
قاناتلىرى گۈزەل، رەڭمۇ رەڭ.
ماكان قىلغان تاغۇ ئوتلاقنى،
قاپلاپ ئۇچقان تاشلىق قىرغاقنى.
ئۇچۇق ئاسمان ۋە ئالتۇن ئاپتاپ،
گۈل - چېچەك قاپلاپ تۇرغان قىيالار،
چاتقاللىقلار، ئوتلاقتا ئۆسكەن —
خىلمۇخىل كوكات، نامسىز گىيالار
مىليون - مىليون كېپىنەكلەرگە،
بولغان ۋەتەن، تاپقۇزغان روناق.
كېپىنەكلەر بۇ ۋەتىنىدە،
ئۇچۇپ يۈرگەن ئەركىن ۋە قوۋناق.
چېچەكلەردىن ئاتلاپ چېچەككە،
تولۇپ قىزغىن ئارزۇ - ئىستەككە،
يەر ۋە كۆككە ئاچقان شاد قۇچاق.
كۆكلەم مەۋسۇمى،
تۆزلەڭلىكتە شاپتۇل چېچىكى
توزۇيدىغان پەيتى كەلگەندە،
شامال چىقسا ئۇچىدۇ شۇنداق.

لېكىن،
ئۇ قولتۇقتا ئىقلىم ئۆزگەرگەن،
بولۇپ قالغان بورانلىق، سوغاق.
قارا بوران ئالغان ئىگىلەپ،
يىراق ۋە ئاچ ئۇ كيانىدىن كەلگەن.
يىل — تۆت پەسىل بوران گۈركىرەپ،
ئاچ دولقۇنلار شىردەك ھۆركىرەپ،
ئارام تاپمىغان ئۇ تاشلىق قىرغاق.
ۋەيران بولغان،
كېپىنەكلەر يايرىغان ئوتلاق.
كېپىنەكلەرنىڭ
ئۇچماق بولۇپ ئۇرۇنغىنىنى
غەرق قىلغان بوران دېڭىزغا،
ياكى ئۇچۇرۇپ
ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بۇلۇتقا.
ئۇ كېپىنەكلەر
تاغۇ - تاشقا يامىشىپ ياشاپ،
بوران ئىچىدە جېنىنى ساقلاپ،
قاناتلىرىنى يوقىتىپ ئاخىر،
ئايلىنىپ قالغان،
يامىشىدىغان، ئۆمۈلەيدىغان



ئالا - چىپار بىر خىل قۇرۇتقا.
ئۇچۇش نېمە،
چېچەك نېمە ۋە شېرنە نېمە،
شۇندىن باشلاپ ئۇلار بىلمىگەن.
ئوتلاقتىكى باشقا قۇرۇتلار
ئىچكەننى ئىچكەن، يېگەننى يېگەن.
قالغان پەقەت قاناتنىڭ ئىزى،
ئىسپاتلاپ،
بىر زامانلار ئۇ قۇرۇتلارنىڭ
ئەسلى كېپىنەك بولغانلىقىنى.
كېيىن بولسا، قارا بوراننىڭ
قۇرۇت قىلىپ قويغانلىقىنى...
تاشلاپ كەتمىگەن شۇندىمۇ ئۇلار،
كېپىنەك بولۇپ تۆرەلگەن يەرنى.
تېخى ئۇنتۇپ قالمىغان دۇنيا،
ئۇ قاناتسىز كېپىنەكلەرنى!
بىراق ئۇلارنىڭ خېلى توغرىلىق،
كېلىپ چىقتى قىزغىن دەتالاش،
ھەر خىل باھا ۋە ھەر خىل قاراش.
خېلى نۇرغۇن ئىلىم پەرەسلەر
بىر - بىرىنى قىلدى خامتالاش.

بىر سى دەيدۇ، بولسا قاناتسىز،
كېپىنەككە خاس بىر ھاياتسىز،
ياشاۋاتسا نەق قۇرۇت بولۇپ،
نېمە ئۈچۈن دەيمىز كېپىنەك؟
بىر سى دەيدۇ، بۇ سۆزۈڭ خاتا،
قۇرۇت ئەمەس ئۇلار ئەسلىدىن،
كېپىنەك بولغان نەسلى - نەسلىدىن،
پەقەت بوراندا قالغان نائىلاج،
قاناتلىرى ئۆسىدۇ يەنە،
يول ئۆزگەرتسە شامال ئېقىمى،
بوران توختىسا،
ئېچىلسا چېچەك ...
مەن ئالىمغۇ ئەمەسمەن، ئەمما —
دىققىتىمنى تارتتى بۇ تالاش:
ئۇ ئاجايىپ كەچمىش ۋە تەغدىر،
خىيال باسقان تۇتۇق ئېڭىمدا،
پەيدا قىلدى شېئىرىي يالتىراش...

1993 - يىل 1 - ئاي
ئۈرۈمچى.



# يامغۇرسىز چاقماق

I

بۇ جايدا،
بىر - بىرىگە قول بېرىشىدۇ،
ياmir بىلەن تەڭرى تاغلىرى،
ئۇچرىشىپ قالغان ئىككى پالۋاندەك.
ياكى قىزغىن قۇچاغلىشىدۇ،
ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ ئەمدى —
يۈز كۆرۈشكەن ئۇرۇغ - تۇغقاندەك.
يانتۇ سايلار تۆۋەنگە قاراپ،
ئاشۇ جايدىن يايىدۇ ئېتەك.
ئۇنداق سايلار ۋە قورغاق تۈزلەڭ —
ئەسرىي سۈكۈت بىلەن ياتىدۇ.
كەڭ جاھاننى ئايلىنىپ كېلىپ،
ھېچقەيەرگە پاتمىغان قۇياش،

ئاخشاملىرى
ئاشۇ جايغا كېلىپ پاتىدۇ.
ھە، ئۇ قۇياشنىڭ كەچلىك ماكانى،
كۆپ زامان بولدى،
ئۇزاق كېچىلەر،
قۇياش ئۇندا ئۇخلاۋاتىدۇ...

II

قۇياش ئۇخلايدىغان ئۇ چەتتە،
تاغلار تۇتىشىپ تۇرغان بۇرجەكتە،
ئىدىرلارغا قويغان چاغدا باش،
ئۇ قېرى قۇياش،
يالتىرايدۇ بىر غايىب چاقماق،
ياز كۈنلىرى ھەر كۈنى كەچتە.
چاقماق پەيدا بولغان تەرەپتە،
كۆرىنىدۇ بىر پارچە بۇلۇت.
ئۇ چاقماقنىڭ نۇرلىنىشلىرى
بولىدۇ ئايان،



گويا ئىسلىشىپ تۇرغان قاپقارا —
تۈتۈن ئىچىدىن كۆرۈنگەندەك ئوت.
ئۈمىد قىلىسەن،
ئۇنى يامغۇر ئالامىتى دەپ —
قاغجىرىغان ئاسمان يۈزىنى،
نەم بۇلۇتلار قاپلايدۇ پۈتۈن.
تەشنا يەرنى سۇغا قاندۇرۇپ،
يامغۇر يېغىپ چىقىدۇ بۇ تۈن!
ئەمما كېچە تىنچ ئۆتىدۇ،
ئۇ چاقماقتا،
يۈز بەرمەيدۇ ھېچبىر ئۆزگىرىش،
يە زورايماق، ياكى يوقالماق.
گۈلدۈرماما ئاۋازىمۇ يوق،
چاقنايدۇ پەقەت،
بولۇپ شۇنداق يامغۇرسىز چاقماق.
لېكىن بەك گۈزەل،
قاراڭغۇلاشقان بوستان ئىچىدە،
چوغ رەڭگىدە ئېچىلغان گۈلدەك.

ياكى مېتال كەپشەرلىگەندە،
تۈن قوينىغا تارقالغان نۇردەك...

III

بولمىسا شۇنداق ئۇنىڭ يامغۇرى،
يە يوقالمىسا ئاسماندىن نۇرى،
تۇرسا يەرنى ئۈمىدلەندۈرۈپ،
يە تۇتاشمىسا ئۈمىدكە يولى،
قانداق ئىش بۇ؟ ئۇ بولدى نېمە؟
قانداق گۈل بۇ توزىمايدىغان،
كەچتە غەربتە ئۇپۇقتا ئۈنگەن؟
ياكى باشقا بىر بىشارەتمۇ،
بىزگە چاقماق بولۇپ كۆرۈنگەن؟
ئويلايسەن شۇنداق،
بۇ ۋادىلاردا،
بولغان ئىدى مۇنداقمۇ زامان:
قار قاپلىغان يېقىن تاغلارنى،
دەريالاردىن ئۆرلىگەن تۇمان.



بۇلۇتلارغا ۋە چاقماقلارغا
ئەركىن ۋەتەن بولغان بۇ ئاسمان.
چاقماق كەينىدىن قويۇلغان يامغۇر،
زېمىن كۆلگەن يامغۇرغا تويۇپ،
گۈزەل سۇلار ئاققان مول بولۇپ،
بولغان ئىدى ئوتلاق ۋە ئورمان —
چەكسىز دەشتلەر ۋە قۇملۇق ماكان...
كېيىن قانداقتۇر بىر ئاپەتلىك كۈچ،
جازالىغان يەر ـ ئاسماننى.
تامچە سۇغا زار قىلىپ قويغان،
قاخشال قىلىپ قۇرۇق قورايدەك،
بۇندا ئىنساننى.
چاقماقلارنىڭ بۇ سىرلىق نۇرى،
قالغانمىكىن شۇ چاغدىن ئامان؟
تاغنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرىگە
كىرىپ ئالغان بولسا مۆكۈنۈپ،
تىنەپ يۈرگەن بولسا سەرگەردان؟
ۋە زېمىندا قوزغاپ ھاياجان —

بىز ئۆلمىدۇق، تېخى ھايات دەپ،
ھەر ئاخشىمى چىقامدۇ كۈلۈپ؟
ياكى بولمىسا،
مۇھتاجلىقتا ئۆلگەن ھەر بىر جان،
ئارماندا كەتكەن يۈز مىڭلاپ ئىنسان،
قايىل بولماي ئۆز ئۆلۈمىگە،
توپلاپ ئېلىپ ئەزگۈ روھىنى —
چاقماق نۇرى بولۇپ كۆرۈنۈپ،
كۆتىرەمدۇ ئاشۇنداق ئىسيان؟

IV

شۇ تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدۇ
بىر ئۆستەڭلا سۇ،
ئۇنىڭ نامى — چاقماقنىڭ سۈيى.
ئۇ كېلىدۇ ئۇخچۇپ - ئىنتىلىپ،
قاقاس سايىنىڭ باغرىنى يېرىپ،
ئۇ سايىنىڭمۇ ئوخشاش نامى بار:
— چاقماقنىڭ سېيى.



ئارانلا كۆكىرىپ تۇرغان بىر چوڭ يۇرت،
بەكلا كېچىكلەپ كەتكەن بوستانلار،
ئورۇنلاشقان شۇ سۇنى بويلاپ.
قالىسەن ئويلاپ —
ئۇندا ھاياتلىق،
بىر گىرۋەككە قالغان قىستىلىپ.
كۆكلەپ تۇرىدۇ ئىنسان باللىرى،
سۇسىزلىقتا كۆنگەن چاتقالدەك —
تاغۇ - تاشقا چىڭ يىلتىز يېيىپ.
زېمىننى كەڭ ياراتقان قۇدرەت،
ئۇلار كۆكلەيدىغان بۇرجەكنى
قىلىپ قويغان ئاشۇنچىلىك تار.
ھەي، ئۇلارمۇ بىر تىرىك جانغۇ،
كۆڭلى يۇمشاق، يۇۋاش ئىنسانغۇ،
ئېيتقىنا سەن زالىم تەبىئەت،
مۇنچىۋالا قىلىدىغانغا خار،
ئۇ ئىنسانلاردا نېمە گۇناھ بار؟
تارتىۋالدىڭ كەڭلىكلىرىنى،

ماكان قىلىپ بېرىپ بورانغا،
قۇمغا باستۇرۇپ،
ئەسلى يېشىل بولغان يېرىنى،
قىلىپ قويدۇڭ چەكسىز باياۋان.
ئۇ كەڭلىكلەردە،
ھەپتىلەپ ـ ئايلاپ،
يول يۈرىدۇ جاپاكەش كارۋان...

V

سۈرۈشتۈردۈم ئۇ سۇ توغرىلىق،
سۆزلەپ بەردى قېرى تاغچىلار.
ئۆمرى تاغۇ ـ تاشلاردا ئۆتكەن،
ئوتۇنچىلار بىلەن مالچىلار.
تەڭرى تېغىنىڭ چوققىلىرىدا
ئۇلۇغ سۇلۇق كۆللەر بار ئىمىش ـــ
ئاقمايدىغان، يوللىرى ئۈزۈك،
سۈيى چوڭقۇر، مۇزدەك، سۈپ ـ سۈزۈك،
قارلىق قىيالار بىلەن قاپسالغان،



بورانلىق دېڭىز كەبى چايقالغان،
ئۇ كۆللەرگە،
بۇلۇت بىلەن چاقماق يار ئىمىش.
يول تاپالماي ياتقانمىش ئۇ سۇ ـــ
يىراق تاغلار ئىچىگە مۆكۈنگەن.
شۇ كۆللەرنىڭ ئۈستىدە ئىمىش،
ئۇ چاقماق ـــ
ئاخشاملىرى بىزگە كۆرۈنگەن.
تاغلار تەكتىدە بېسىلىپ ياتقان
تۇتاش زېمىنىنىڭ
چوڭقۇر، ئىنچىكە تومۇرلىرىدىن،
كۆلنىڭ سۈيى چىقارمىش سىرغىپ.
تامچە ـ تامچىلاپ،
بۇ تامچىلار سايدا قوشۇلۇپ،
ھاسىل قىلىپ كىچىك بىر ئېقىن،
بولۇپ ئاشۇنداق چاقماقنىڭ سۈيى،
چۈشۈپ كېلەرمىش،
ئۇيناقلىغان كىيىكتەك چېپىپ،

تو شقاندەك ئىرغىپ...
دېمەك، بۇ يەرنى سۇغارغان ئۇ سۇ،
مىليوندىن تامچە.
ئەي، خۇدا!
تەخسىملەمدۇ سۇنى ئاشۇنداق،
بۇ دۇنيا،
بولغاندىمۇ يۈزسىز ھەر قانچە؟

VI

قاقاس تاغقا قىستاپ قويۇلغان
بۇ ھاياتلىق گىرۋەكلىرىدە —
يالتىرىغان يامغۇرسىز چاقماق،
پەيدا قىلدى مەندە زىلزىلە.
خىتاپ قىلدىم ئۈنىگە قاراپ:
تۇرما مۇنداق ئۈنسىز يالتىراپ.
شۇنچە سۇنى نېمە قىلىسەن،
چوققىلاردا ئەسىرلەپ ساقلاپ؟
سادا بەرگىن، گۈلدۈرلە ئەمدى،



ۋە ھۆركىرە ئۇيغانغان شىردەك.
تەشنا سىنىڭ گۈلدۈرلىشىڭگە،
چاڭقاپ تۇرغان قىرىنداشلىرىم،
سەن ئۇلارغا مەدەت بەر بىردەك.
ھۆركىرە شىردەك!
تەۋرىسۇن يەر، يېرىلسۇن تاغلار،
دەريا ئېقىپ كەلسۇن كۆللەردىن.
يەر ۋە سۇغا بولايلۇق ئىگە،
ئىگىلەپ زېمىن،
بوران ئىلكىدە قالغان چۆللەردىن...
كۆرمىدىڭمۇ ئاۋۇ بوۋاينى،
ئىشىك ئالدىدا خىيالغا پاتقان؟
قاراپ قالدى قاۋۇل بىر يىگىت،
پىكاپ ئۆتۈپ كەتكەندە چاققان.
شەھەرلىك قىزنىڭ يىپەك كىيىمىنى،
يېزىلىق چوكان تۇتۇپ باقىدۇ.
كىيىك كۆزلۈك بۇدرۇق ئوغۇللار،
ئۆزمەكچى بولۇپ،

تار ئۆستەڭدە غۇلاچ ئاتىدۇ.
ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ يېڭى نەسىل،
بۇ قىستاڭغا پاتمايۋاتىدۇ.
ئىزلەيدۇ ئۇلار،
ھاياتلىقنىڭ كەڭلىكلىرىنى،
كۆرمىدىڭمۇ بۇلارنى چاقماق؟
شۇنداق...
بىزگە كۆپ ئېغىر چۈشكەن،
دەريا ـ دەريا سۇنى يوقاتماق!

1993 ـ يىل 1 ـ ئاي
ئۈرۈمچى.



## بۇ كۆلەڭگىلەر ئەمەس مېنىڭكى....

مۇنداق گەپنى ئاڭلايتتىم تولا:
شەيتان ئازدۇردى... شەيتان ئازدۇرغان...
تۇيماي قالدىم،
مېنىمۇ بىر رەت —
ئازدۇرۇپ كەتتى بىر قېرى شەيتان.
ئارقىسىدىن ئەگىشىپتىمەن،
كۆرۈنسە ماڭا بولۇپ ئۇ ئىنسان.
بولغان ئىكەن ئەسلى يېمەكچى،
كۆزىدە خۇن يوق ۋە يۈزىدە قان...
غەلىتە ئىدى مەن كىرگەن كوچا،
دەرەخلىرى ئىسىلىشىپ تۇرغان.
شەپەرەڭلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى،
ئاچ مۇلۇندەك ياۋۇز ۋە يوغان.
يىغىۋاتاتتى قارا رەڭلىك قار،
قاپلاپ كېلەتتى تۇتۇندەك تۇمان.

قاپلاپ كېلەتتى تۇتۇندە
يېپىلگەنلەرنىڭ ئىزى بار ئىدى،
مېنىڭ ئالدىمدا،
ھەر بىر ئىزدا تامچە - تامچە قان...
ئاسمان گۈمبىزى خۇمداندەك قارا،
ئاي كۆرۈنمەيدۇ، يۇلتۇزلارمۇ يوق.
چۈشىدۇ پەقەت دېرىزىلەردىن،
سېرىق رەڭلىك ئاجىز بىر يورۇق.
مەن قورقمىدىم، ماڭدىم خاتىرجەم،
قەدىمىم دادىل، تىك ئىدى گەۋدەم.
لېكىن بايقىدىم، ساغۇچ يورۇقتا —
ئۆزگىرىپ تۇردى مېنىڭ كۆلەڭگەم.
بىردەم سېمىز ۋە بىردەم ئورۇق،
بىردەم پېرىم ۋە بىردەم تولۇق.
بىردەم ئۇزۇن ۋە بىردەم قىسقا،
ئوخشاپ كېتىدۇ يېيىلغان ئىسقا.
بىردەم كېپەن — قات - قات ۋە يەڭسىز،
بىردەم تېرە — قاخشال، كېلەڭسىز...
كۆلەڭگىلەر كۆلەڭگە تۇغۇپ،



بىر - بىرىگە كېلىپ قوشۇلۇپ،
تولدى غەلىتە شەكىللەر بىلەن
پۈتۈن كوچا — يېقىن ۋە يىراق.
نېمانداق كۆپ كۆلەڭگىلەر بۇ،
ئۆزگىرىدۇ مۇنداق نېمىشقا؟
كۆلەڭگەمنى كۆپەيتىۋەتكەن —
بۇ قانداق چىراغ؟
چىراغقىمۇ ئوخشىمايدۇ ھېچ،
كوچا بويلاپ چېچىپ تۇرىدۇ،
ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزىدىن قايتقان —
نۇرغا ئوخشاش سېرىق يالتىراق.
نېمىشقا ئاسىدۇ مۇنداق چىراغنى،
بۇ ئادەملەر ساراڭمۇ ئۆزى؟
قاراپ باقتىم ئاخىر زەڭ سېلىپ،
ياق، ياق،
ئۇ چىراغ ئەمەس،
ئەرۋاھنىڭ كۆزى —
لامپۇچكىدەك پولتىيىپ تۇرغان.
كولاپ ئېلىپ ئۇنى گۆرىدىن،

ئېشىپ قويۇپتۇ ئۆيلەرگە شەيتان.
ئاچ ئەرۋاھقا ياغ پۇراتمىسا،
تەلەپ قىلار ئىمىش يېڭى قان.
ھە، ئۇ ئەرۋاھنى مەن تونار ئىدىم،
ئۇ ئۆلگەنگە بولغان كۆپ زامان.
تېخى ئۆلمىگەن چېغىدا، ئادەملەر —
ئۇنى شەيتاننىڭ دوستى دەيدىغان.
ئۆتكەن ئۇ ئادەم،
كوچا قىزىنى قىزىم دەپ بىلىپ،
ياتنىڭ ئوغلىنى ئۆز ئوغلى قىلىپ،
ئاچ قېلىشى بەرھەق بىر ئىش - تە،
پۇشتى بولمىسا ياد ئەيلەيدىغان.
شەيتاننىڭ قەستى،
تالان - تاراج قىلدۇرۇپ مېنى،
ئاشۇ ئەرۋاھقا،
ئۇنىڭ ئېزىتقۇ شولىسى بىلەن
ئالماق ئىكەن جان.
بىلىپ قالدىم مەن ئۇ كۆزلەرنى،
شۇنداق، تونۇش ئابدالنىڭ كۆزى!



ئۇزۇن چاپان ۋە مەخسۇم تۇماق،
خۇرجۇنىدا كېپەك ۋە قوناق،
مىنىۋېلىپ قېرى خېچىرغا،
بالا چېغىمىز،
يۇرتىمىزغا كېلەتتى ئۆزى.
كۆرسە تىلەپ، كۆرمىسە بۇلاپ،
نېمە كۆرسە شۇنى ئوغرىلاپ،
خۇرجۇنىنى توشقۇزار ئىدى،
خۇرجۇنىغا تەڭ سىغار ئىدى —
ھالال ۋە ھارام.
ئاچ كۆزلىرى پۇلتىيىپ چىققان —
لامپۇچكىغا ئوخشايتتى تامام.
قەھرىم تۇتتى، كەلدى غەزىپىم،
ۋاقىرىدىم:
ئەي، ئورۇق شەيتان،
ئىشقا ئاشماس قەستىڭ سېنىڭكى.
ئاچ ئەرۋاھنىڭ كۆزلىرى بىلەن،
كۆلەڭگەمنى بۇلغىما مۇنداق،
بۇ كۆلەڭگىلەر ئەمەس مېنىڭكى!
گۈلدۈرمامىدەك چىقتى ئاۋازىم،
تىك تاغلاردىن قايتتى سادايىم —

بوران كەبى ئۇچۇپ ۋە ياغراپ.
بۇقۇدرەتلىك سادانى ئاڭلاپ،
قورقۇپ كەتكەن قېرى شەيتانمۇ
ئايلىنىپ قالدى دەرھال ئەرۋاھقا.
كۆزگە ئوخشايدىغان لامپۇچكىلار،
ۋە لامپۇچكىدەك پولتايغان كۆزلەر
خوراز چىللىسا قاچقان جىنلاردەك،
غايىپ بولدى ئاللىقاياققا.
مەن ئويغاندىم ئۆز ئاۋازىمدىن،
كوچا ئىدى يورۇق ۋە پارلاق.
تاپا قىلدى دوستلۇرۇم مېنىڭ،
ئادەم ئۇخلامدۇ شۇنداقمۇ ئۇزاق ؟
دېدىم مەن كۈلۈپ،
ھېچۋەقەسى يوق،
يېرىمى ئۇيقا ئىنسان ئۆمرىنىڭ،
قارا باسقان بولسىمۇ بىراق،
بىلىپ قالدىمغۇ،
شەيتان ئازدۇرسا بولىدۇ قانداق ؟

1993 - يىل 1 - ئاي
ئۈرۈمچى.



## ئىز ئۆزگەرتىدىغان دەريا

ئوكيانلاردىن يىراق دەريا بۇ،
شۇڭا دۇنيا ئۇنى ئۇقمايدۇ.
ئۇ قىتئەنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە،
يازدا ئېقىپ، قىشتا ئۇخلايدۇ.
ماكانى كەڭ، يوللىرى ئۇزۇن،
تۆرەلگەن يېرى — ئىللىق ۋە قۇرغاق.
ئۇ تاغلاردا توختاپ قالىدۇ،
زېمىن توڭلاپ، چۈشكەندە سوغاق.
جايلىشىدۇ ئاسمانغا يېقىن،
پارچە - پارچە بولۇپ بۆلۈنۈپ.
جىلغىلاردا ۋە جىرالاردا،
كۆپكۆك ياكى ئاپئاق كۆرۈنۈپ.
بۇ دەريانىڭ ئانىسى — ئاسمان،
مىجەزى چۇس ئەمما مېھرىبان.
قىش بويى يوتقان تىكىپ چىقىدۇ،
شىمالنىڭ ئاق ماموقلىرىدىن،

ياپىدۇ ئۇلارنى ئۇستى - ئۇستىلەپ،
قىش ئۇيقۇسىدا ئىسسىق ياتسۇن دەپ،
قاتتىق قىشتىن چىقسۇن دەپ ئامان.
ئۇزاق قىش بويى،
ئۇنى ئەللەيلەپ،
تۈگىمەيدىغان مۇڭلۇق ناخشىغا،
ھۇشقىتىدۇ غەمكىن شۇۋرغان.
تەرلەپ - تەپچىپ ئويغىنار دەريا،
قۇياش كۆككە بولغاندا مېھمان.
قوزغىلىدۇ بولۇپ بەقۇۋۋەت،
ۋە ئېلىپ نۆۋەت،
ئەمما ئۇنىڭ ئاقار يوللىرى
بۇ دەشتلەردە بولمايدۇ راۋان.
ئۆز گەرتىدۇ ئۇنىڭ ئىزنى،
داۋالغۇپ تۇرغان چەكسىز باياۋان.
قۇم تاغلىرى ئورۇن يۆتكەيدۇ،
ئۆز ئىزىدا تىنجىماي ھامان.
دەريا يازدا ئاققان ئىزلارنى،
قىشتا كۆمۈپ چىقىدۇ بوران.



ئويمان يەردە تىكلەيدۇ بارخان،
ئېگىز يەرنى قىلىدۇ ئويمان.
دەرەخ ئۆستۈرۈپ مىڭ مۇشەققەتتە،
ياساپ چىقسا قىرغاقلىرىنى،
ئۇنى ۋەيران قىلدۇ ئىنسان.
ئۆز نەپسىنى دەپ،
بولغاچ تەبىئەتنى — ئاچكۆز ۋە نادان.
ئۇلارنىڭ كونا پالتىسى بىلەن،
تۇرار قىرقىلىپ،
جاڭگاللىقلار، چاتقال ۋە ئورمان.
بوشاپ قالغان ئۇ قىرغاقلارنى،
بوران ئوڭايلا قىلىدۇ ۋەيران.
تاغدىن چۈشۈپ كەلسە كېيىكلەر،
ئۆتكەندە سۇ ئىچكەن جايىنى
تاپالماستىن بولىدۇ ھەيران.
ئىزلەر ئۇلار ئانا دەريانى،
باياۋاندا تىنەپ سەرگەردان.
ھە، بۇ دەريا ئىز ئۆزگەرتىدۇ،
ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ مەجبۇر،

خالىسۇن ئۇ يە خالىمىسۇن،
شۇنداق بولۇپ كەلگەن تەقدىرى
تارىختىن بۇيان.
نۇرغۇن ئىزى تاشلاندۇق بولۇپ،
باياۋاندا كېتىدۇ قۇرۇپ.
ئىزلار بىلەن بىللە قۇرۇيدۇ،
يېشىل بوستان، گۈللىگەن يەرلەر.
ئاقار قۇملار تەكتىدە قالار،
ئاۋات بولغان نۇرغۇن شەھەرلەر.
ھاسىل قىلىدۇ قۇم تاغلىرىنى،
كۆك قەلئەلەر ۋە سانسىز قورغان.
خىيال كۆزى بىلەن قارىساڭ،
كۆرىسەن ئۇندا،
ھەر بىر ئىزدا بىر دەريا ھايات،
قۇملۇقلارغا سىڭىپ يوقالغان.
ئەڭ قەدىمقى مەدىنىيەتنىڭ
ئالتۇن ئاچقۇچى
شۇ چەكسىز قۇم باغرىدا قالغان.
بۈيۈك كۆچ - كۆچ زامانلىرىدا،



ئۇنى چۇشۇرۇپ قويغانمىش ئىنسان.
ئۆلگەن قۇياش دەيدۇ يۇلتۇزنى،
تۇندە كۆرىسەن ئۇندىن سانسىزنى،
ئۆلگەن قۇياشلار لەيلەپ ئاسماندا،
ھاسىل قىلغان سامان يولىنى،
كۆرىسەن دائىم ئۇنىڭ نۇرىنى —
كارۋان يولىدەك ئاقىرىپ تۇرغان.
ھەر بىر ئىزدا بىر سامان يولى،
زېمىن يۈزىدىن يۇتمەيدۇ نۇرى،
نۇر چاچقاندا ئۆلگەن قۇياشلار
قۇمدىن بەزەن ئېچىلىپ قىلىپ،
چاقناپ ياقۇتتەك،
تىترىتىدۇ سېنى ھاياجان.
ھەر بىر ئىزدا بىر نۇرلۇق سىزىق،
بىرىنى چېتىپ بىرى ئارقىلىق،
ھاسىل قىلغان چوڭ بىر خەرىتە،
سامان يولىدەك يوقالمايدىغان.
بولمىسىمۇ يولىرى راۋان،
ئاقار يېرى چەكسىز باياۋان،

ئىز ئۆزگەرتىپ، يېڭى يول تېپىپ،
ئېقىپ كەلدى دەريا كۆپ زامان.
ئۇ ئاقماقتا ...
ئاقىدۇ ھامان.
تەييار ئىزدا ئاقماق كۆپ ئوڭاي،
ئۇنداق دەريانى
قىينىمايدۇ قۇملۇق ھېچقاچان.
ئاڭا قۇچاق ئېچىپ تۇرىدۇ،
ياكى دېڭىز، ياكى كەڭ ئوكيان.
ئاخىرى بېرىپ يۇتۇپ كەتمەيدۇ،
سۇلىرىنى چۆللەر — بىپايان.
قۇم - بوراندا يول تاپالىغان
مۇنداق دەريانى،
ئىختىيارىڭىز دەيسەن — قەھرىمان!
ئىزلەپ باقساڭ چىقمايدۇ ئەمدى،
بۇ دۇنيادا يوق،
ئۇنداق دەريا ۋە ئۇنداق ماكان.

1993 - يىل 2 - ئاي
ئۈرۈمچى.



# ئوقۇتقۇچى بالىلىق بولغاندا...

بالىلىق بولدى ياش ئوقۇتقۇچى،
تۇغدى ئايالى ئايدەك بىر بوۋاق.
ئۆينى يورۇتۇپ نۇر چېچىپ تۇرغان —
بىر گۈزەل ئوغۇل،
كۆچەتتەك پاخلان، چېچەكتەك ئوماق.
كۆزى چوڭ — تۈن يۇلتۇزلىرىدەك،
ياكى تۈندە نۇرلانغان بۇلاق.
كىرپىكلىرى ئۇزۇن، ئەگىمەچ،
چاچلىرى بۇدرە ۋە يۈزى ئاپئاق.
بۇ قارا چاچلار يېپىشىپ چۈشكەن،
چىكە چاچ بولۇپ ئىڭەككىچە قەدەر.
جىم ياتمايدۇ بوۋاق، ھەرىكەتچان،
يۇلقۇنۇشلىرى كىيىكتىن بەتتەر.
قورساقتىمۇ جىم ياتمىغان ئۇ،

شىددەت بىلەن تەۋرەپ ، داۋالغۇپ .
ئايان بولدى كۆز ئاچقاندىمۇ ،
شۇنداق جانلىق ، شۇنداق شوخ بولۇپ .
تاڭماق بولغان ئىدى بۆشۈككە ،
ئۇ كۈنمىدى ، كۆتەردى ئىسيان .
ئۇ ياتمىدى ، بولسىمۇ گەرچە —
ئەجدادى شۇ بۆشۈكتە ياتقان .
پۇت - قولۇمنى بوغماڭلار دېدى ،
مىجەزى ئۆزگە بولغان كىچىك جان .
كۆرمىگەنمىز دېدى خوشنىلار ،
مۇنداق بالىنى بۇرۇن ھېچقاچان .
ياش ئوقۇتقۇچى بالىلىق بولدى ،
ئىز باسىدۇ ئاڭا بۇ بوۋاق .
ئۈزۈلمەيدۇ نەسلى — نەسەبى ،
ئۆچۈپ قالمىدى ئاڭا كەلگەندە ،
ئاتا - بوۋىلار ياندۇرغان چىراق .
ھە ، ئۇ چىراقلار
يېنىپ كەلدى شۇنداق كۆپ زامان .



قانداش ، ئەزىز بوۋىلار تاكى
ئوت ساقلاشنى ۋە ئوت قالاشنى
ئۆگەنگەن ئاشۇ چاغلاردىن تارتىپ .
ئۆڭكۈرلەرنى قىلغاندا ماكان ،
ياكى پاناھ بولغاندا ئورمان .
ھايۋان كۆندۈرۈپ ، ياۋا دان ئېكىپ ،
ياسىغاندا شەھەر ۋە قورغان .
بىرى ئۆچسە بىرىنى ياندۇرۇپ ،
داۋام قىلىپ ۋە ئىز قالدۇرۇپ ،
نەسىل يولىنى كەلدى ئۇزارتىپ .
ئەسلى چاقماقتىن تۇتاشقان بۇ ئوت ،
ئايلىنىپ كەلگەن شۇنداق چىراققا .
بۇ بىنادا — چوڭ شەھەردىكى ،
ئۇ ئايلاندى يەنە بوۋاققا .
ئوقۇتقۇچى يىگىت ئويلايدۇ ،
ساغلام ئۆتسە بۇ كۆچەت — پاخلان .
يىلتىز تارتسا ، غولى يوغىناپ ،
ۋە يېتىلسە بولۇپ باراخسان .

ئۇ ئۇقسا، بولسا ئۆز كەسپى،
ۋە كۆنمۇ ئۆتسە پاراۋان.
كوچىلارنى دەسسەپ مېنىڭ دەپ،
بولسا غالىب، قۇدرەتلىك ئىنسان.
بۇدىرە چاچلىق ۋە قارا قاشلىق
بىر يىگىت بولۇپ،
ئىزىمنى باسسا ياندۇرۇپ چىراق.
بۇ ياش ئاتا ئويلايدۇ شۇنداق،
ھەئە،
ئۇنىڭمۇ ئۆز كۆچىتى بولىدۇ،
خۇددى ئۆزىدەك ئۇماق ۋە پاخلان.
قۇۋۋەتكە تولۇپ،
ئۆمۈر يوللىرىغا قاراپ ئاتلانغان.
ھە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارزۇ،
ئاتا قەلبىدىن چىققان ئاق تىلەك.
پىسىپ كېلىدۇ باشقا خىيالمۇ،
پەيدا قىلىپ تەشۋىش، ئەندىشە،
ئويلىسا ئۇنى،



پۈت - قولىدا قالمايدۇ ھېچ جان،
ۋەھىمىدىن تىترەيدۇ يۈرەك.
ئازمۇ قۇرۇپ قالغان كۆچەتلەر،
ياكى ئۆسكەن مايماق ۋە سايماق،
پەرۋىش تاپمىغان؛
ھوشيار بولمىساڭ،
بوران ئۇرۇپ كىرسە رۇجەكتىن،
ئۆچۈپ قالىدۇ ھەرقانداق چىراق.
يولدىن چىققان باللار ئازمۇ،
بۇلۇڭ - پۇچقاقتا يۈرگەن مارىلاپ؟
مۆرىسىگىچە چۈشۈرۈپ ئېلىپ
كىر چاچلىرىنى،
ھەر بىر يانچۇققا تەلمۈرۈپ قاراپ.
كەچكە قالغان يولۇچىلارنى
تار كوچىدا يۈرگەن پىچاقلاپ.
بار ئۇلارنىڭمۇ ئاتا - ئانىسى،
چەكمەي قالامدۇ قايغۇ - ئىزتىراپ؟
ھە، ئۇلارمۇ تۇغۇلغان شۇنداق،

ئايدەك نۇرلۇق، پاخلان ۋە ئوماق.
يانغان چىراق دېگەن ئۇلارنى،
ئاتا - ئانىلار،
خۇددى ئۆزىدەك ئۈمىدلىك قاراپ.
ياق، ياق،
جان بولسىلا تاكى جىسمىدا،
مۇنداق كۈنگە قويماس ئوغلىنى،
بۇلغانمايدۇ بۇ نۇرلۇق چىراق.
شۇندىن باشلاپ،
ئۆزگىرىپ كەتتى بۇ ئوقۇتقۇچى،
خىزمىتىگە ھەسسە - ھەسسىلەپ،
قويدى ئىشتىياق.
قوزغالدى غەيرەت،
ئويغاندى ۋىجدان،
بولۇپ قالدى كۆپ ئويلايدىغان،
مەسئۇلىيەتچان.
دەرسكە كىرسە، ئوقۇغۇچىلار —
ئاڭا باشقىچە كۆرۈندى تامام.



بىر - بىرىدىن ئوماق، سۆيۈملۈك،
قامەتلىرى گۈزەل، كۆرۈملۈك،
قارا كۆزلىرى تۈن يۇلتۇزىدەك،
ياكى تۈندە نۇرلانغان بۇلاق.
ئۇ خىيال قىلدى - بۇلارمۇ بالا،
ئۆز ئۆيلىرىدە يانغان بىر چىراق.
ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئاتا - ئانىسى بار،
ئارزۇ بىلەن قايغۇ تەۋرەتكەن.
يېمەي يىگۈزۈپ،
كىيمەي كىيگۈزۈپ،
كەچ ياتقۇزۇپ، سەھەر تۇرغۇزۇپ،
ئۈمىد بىلەن ئاڭا ئەۋەتكەن.
ئۇ ھېس قىلدى ئۆزىنىڭ يۈكىنىڭ،
تەگرى تېغىدەك ئېغىرلىقىنى.
ئۇ قەددىنى تىكلەپ، دەس تۇرۇپ،
يۈدۈپ ماڭدى تەگرى تېغىنى.
خىيالىدا بولدى پارتىلاش،
بولۇپ قالدى

ئوغلى بىلەن بالىلار ئوخشاش.
بىر بالىسى بولدى مىڭ بالا،
ئۇلارنىڭ ئارزۇسى،
ياكى قايغۇسى
بارا ـ بارا،
ئۇنىڭ سەگەكلەشكەن ئېڭىدا،
بولدى ئارىلاش.
مەشئەل بولدى ئۇنىڭ چىرىقى،
مىڭلاپ چىراق قوشۇلۇپ كېلىپ،
يېنىپ بىر تۇتاش.
قوزغىدى شۇنداق ئۇندا ھاياجان،
يانغان چىراق ـــ كىچىككىنە جان.
مەن ئويلاپ قالدىم:
بىرنى مىڭغا، مىڭنى مىليونغا
يۆتكىيەلىگەن ـــ بۇ ئۇلۇغ ئىنسان!

1993 ـ يىل 2 ـ ئاي
ئۈرۈمچى.